# ئىزدىنىش

(تاللانما)

9

1996

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش (تاللانما)

1996-يىل 9-سان
(ئومۇمىي 99-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1996-يىللىق 13-، 14-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

## مۇندەرىجە

**سىياسەتنى تەكىتلەش ھەققىدە ........................................ جياڭ زېمىن(2)**

**دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە مەسىلە ............................................................ رۇڭ يىرېن(9)**

ئەسىر ئالمىشۋاتقان مەزگىلدىكى پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ بۇرچى .............. **جۇ گۇاڭيا(19)**

چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش ۋە مىللىي ئىگىلىكنى قوغداش ھەققىدە.............................. **ۋاڭ لىنشېڭ، پېي چاڭخۇڭ (29)**

ئالدى بىلەن كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلايلى ................................. **چې يۈي(41)**

**★9-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى:100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سىياسەتنى تەكىتلەش ھەققىدە*

## (1996-يىل 3-ئاينىڭ 3-كۈنى)

جياڭ زېمىن

يېقىندىن بېرى، مەركەز رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم سىياسەتنى تەكىتلىشى لازىم دېگەن روھنى تەكىتلەۋاتىدۇ. مەن 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى، مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى، مەركىزىي سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنى، مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمى باشلىقلىرى يىغىنى قاتارلىق يىغىنلاردا ۋە شۇنىڭدەك بېيجىڭ، غەربىي شىمال، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمدە بۇ مەسىلە ھەققىدە سۆزلىگەنىدىم. پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا، ھازىر بۇ مەسىلىنى تەكىتلەشنىڭ ئىنتايىن چوڭ زۆرۈرىيىتى بار ۋە ناھايىتى مۇھىم، دەپ قارىماقتا. بۈگۈن، مەن بۇ مەسىلە ھەققىدە يەنە بىرئاز پىكىر قىلاي.

سىياسەتنى تەكىتلەش، بىر ماركسىزملىق پارتىيە ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھېچقانداق يېڭى مەسىلە ئەمەس. بۇ بوۋىمىز ماركس، ئېنگېلس، لېنىندىن تارتىپ رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭغىچە ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتقان مەسىلە. بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىدۇر. نېمە ئۈچۈن ھازىر بۇ مەسىلىنى تەكىتلەشنى زۆرۈر تاپتۇق؟ بۇنىڭدىكى مەقسەت، پۈتۈن پارتىيىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ تەۋرەنمەي، تېخىمۇ ئەتراپلىق، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت.

* بۇ يولداش جياڭ زېمىننىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنلىرىغا قاتنىشىۋاتقان پارتىيىلىك مەسئۇل يولداشلارنىڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ بىر قىسمى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى بەلگىلىدى، بۇ پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلەش ئاساسىدا چىقارغان ستراتېگىيىلىك تەدبىرى بولۇپ، ئەمەلىيەت بۇ تەدبىرنىڭ پۈتۈنلەي توغرىلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. ئىقتىساد — ئاساس، جۇڭگودىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىش كېرەك. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ سىياسەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر، سىرتقى دۈشمەنلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىقى يۈز بەرمىسىلا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ پرىنسىپىمىزدىن قەتئىي تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزدە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە چوقۇم تۆت ئاساسىي پرىنسىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت "ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇمۇ ئەمەلىيەت تولۇق ئىسپاتلىغان ئوبيېكتىپ ھەقىقەتتۇر. "ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دا چىڭ تۇرۇشتىكى مەقسەتمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ۋەزىپىنى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش. دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ئۇنى تەۋرەنمەي داۋاملىق ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئەڭ تۈپ سىياسىي شەرتى. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدىن يۈز يىللىغىچە تەۋرەنمەسلىك دېگىنىمىز بىر مەركەزدىنمۇ، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدىنمۇ تەۋرەنمەسلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغاندىكەن، باشقا تەرەپتىكى خىزمەتلەرگە سەل قارالسىمۇ بولىدۇ دېگەن قاراشتا بولساق ياكى ئىقتىساد يۈكسەلدۈرۈلسە، باشقا ئىشلار تەبىئىي ھالدا يۈكسىلىپ بارىدۇ دېگەن قاراشتا بولساق خاتا بولىدۇ، بۇنداق قاراش ۋە بۇنداق قاراش بويىچە ئىش قىلىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، ئۇ بىر تەرەپلىمىلىك ۋە زىيانلىق قاراشتۇر. بىز چوقۇم ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئىقتىساد بىلەن سىياسەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى دىئالېكتىك ھالدا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نۆۋەتتە بىزدىكى ئەڭ چوڭ سىياسەت، چۈنكى ئۇ خەلقنىڭ ئەڭ چوڭ، ئەڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ سۆزلىگەن. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا، سىياسىي كاپالەتنىڭ بولۇشى شەرت. بۇنىمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ سۆزلىگەن. 1986-يىلى تيەنجىننى كۆزدىن كەچۈرگىنىدە ئۇ يەنە مۇنداق دەپ تەكىتلىگەنىدى: ”ئىسلاھاتنىڭ، زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ كۈچى زور بولىدۇ، ئۇنىڭغا بىز تەكىتلەپ كەلگەن سىياسەت قوشۇلسا قۇدرىتى تېخىمۇ زورىيىدۇ. سىياسەتنى ھەرقانداق ۋاقىتتا تەكىتلەش كېرەك.“ بۇ ئىدىيە ئىنتايىن مۇھىم. مەركەزنىڭ يېقىندا سىياسەتنى تەكىتلەشنى تەكىتلىشى دەل يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇشۇ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلاردىن سىياسەتنى تەكىتلەشنى تەلەپ قىلىشىمىز ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ھەرگىز تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، سىياسەتنى ئىقتىسادنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كېرەك دېگەن مەنىسى تېخىمۇ يوق، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، تېخىمۇ تولۇق سىياسىي شارائىت يارىتىپ ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز يۈكسەلدۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلغان. بىزنىڭ سىياسەتنى تەكىتلىشىمىز ھەرگىزمۇ چەت ئەللەردىكى بىر قىسىم گېزىت-ژۇرناللاردا بۇرمىلاپ ئېيتىلغاندەك جۇڭگو يەنە سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىدىغان دەۋرگە قايتىپ، قايتىدىن ”سول“چىل بىرنېمىلەر بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغانلىق بولمايدۇ. ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنىڭ تېخىمۇ ئورنى يوق، ھەرگىز ھەرىكەت ئېلىپ بارمايمىز. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق جامائەت پىكىرلىرىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشتا يامان نىيىتى بار بولۇپ، يولداشلىرىمىز ھوشيار بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەك. بۇنداق ئەنسىرەش ۋە گۇمان بولۇشنىڭ ھېچقانداق ئورنى ۋە ئاساسى يوق. بىزنىڭ سىياسەتنى تەكىتلەشتە ھەرگىز بەزى سىياسىي شوئارلارنى ئاددىي تەكرارلايدىغان، قۇرۇق سىياسەتنى يۈرگۈزىدىغان يولنى تۇتمايمىز، بەلكى يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇرۇنلا ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، سىياسەتنى ئىقتىساد بىلەن، سىياسەتنى ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە باشقا ھەر خىل خىزمەتلەرنىڭ توغرا يۆنىلىش بويىچە تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز.

بىز تەكىتلىگەن سىياسەت ماركسىزملىق سىياسەت، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش سىياسىتىدۇر. مەن مەركىزىي كومىتېتنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا: سىياسەت سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي مەيدان، سىياسىي كۆزقاراش، سىياسىي ئىنتىزام، سىياسىي پەرق ئېتىش كۈچى، سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ ئېيتقانىدىم. سىياسەت ئىقتىسادنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ئىقتىساد ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، بۇ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى. سىياسەتتىن ئايرىلغان ئىقتىساد بولمايدۇ، ئىقتىسادتىن ئايرىلغان سىياسەتمۇ بولمايدۇ. كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بولمىسا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. پەقەت سىياسەتنى تەكىتلىگەندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي فاڭجېن ۋە ھەر خىل سىياسەتلىرىنى، دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ھەر خىل خىزمەتلەردە ئىزچىللاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، تۈرلۈك خاتا ئىدىيە، خاتا خاھىشلارنىڭ كاشىلا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى يوقىتىپ، توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ؛ پەقەت سىياسەتنى تەكىتلىگەندىلا، ئاندىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەرلەندۈرۈپ، ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى پارتىيە ۋە دۆلەت بەلگىلىگەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىگىلى بولىدۇ؛ پەقەت سىياسەتنى تەكىتلىگەندىلا، ئاندىن خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتنى توغرا تونۇپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە ۋە ھەر تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە كۈچلۈك زەربە بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي سىياسىي مۇھىت ياراتقىلى بولىدۇ؛ پەقەت سىياسەتنى تەكىتلىگەندىلا، ئاندىن تۈرلۈك مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغىغىلى ھەممە ھەر تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ياخشى يېتەكلىگىلى، ياخشى ئاسرىغىلى ۋە ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؛ پەقەت سىياسەتنى تەكىتلىگەندىلا، ئاندىن كەڭ كادىرلارنىڭ بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ئومۇمىي ۋەزىپىسىنى ئىگىلەش ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؛ پەقەت سىياسەتنى تەكىتلىگەندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ چىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، پارتىيىنىڭ خەلق بىلەن بولغان چىڭ ئىتتىپاقلىقىغا كاپالەتلىك

www.uyghurkitap.com

قىلغىلى، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. قىسقىسى، سىياسەتنى تەكىتلەشتە چىڭ تۇرۇش پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ مۇقەررەر تەلپى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنىڭ مۇقەررەر تەلپى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سىياسەتنى تەكىتلەشكە دىققەت قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئامىل بولمىغان بولسا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزدا بۇنداق چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمەيتتۇق. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، بەزى جايلار ۋە تارماقلاردىكى بىر قىسىم يولداشلار ئارىسىدا، سىياسەتنى تەكىتلەشكە دىققەت قىلمايدىغان ھەتتا سىياسەتكە سەل قارايدىغان مەسىلىلەر ھەقىقەتەن مەۋجۇت، بۇ سەۋەب بىلەن ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇش ئاجىزلاپ كېتىش، ئىدىيىۋى-سىياسىي سۈپەت تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. بۇ ئەھۋال بىزنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ھازىر بىر قىسىم كادىرلار كىتاب ئوقۇمايدۇ، گېزىت كۆرمەيدۇ، ھۆججەتلەرنى تەھلىل قىلمايدۇ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمايدۇ، سىياسىي نۇقتىدىن ۋەزىيەتنى كۆزىتىشى، مەسىلىلەرنى ئويلىنىشى ناھايىتى ئاز، ئۇلاردا تېگىشلىك سىياسىي پەرق ئېتىش كۈچى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈك كەمچىل. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىگە قارىتا كۆڭلىگە ياققانلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، كۆڭلىگە ياقمىغانلىرىنى ئىجرا قىلمايدۇ، بەزى ئىشلارنى مەركەز قايتا-قايتا تەكىتلىسىمۇ، ئۇلار قۇلاق سالماستىن ئۆز سەنمىگە دەسسەۋېرىدۇ. بەزى جايلارنىڭ ۋە تارماقلار-نىڭ قورۇقچىلىقى ئەۋج ئېلىپ شۇنداق ئېغىر دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ئازغىنە قىسمەن مەنپەئەتنى ياكى شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ ھەتتا جىنايەتكە ئائىت مەسىلىلەرنىمۇ قانات ئاستىغا ئېلىۋېلىشقان. بەزىلىرى ھەق-ناھەقنى ئايرىمايدۇ، ماركسىزمغا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە سىياسەتلىرىگە زىت ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان خاتا سۆز-ھەرىكەتلەرنىمۇ ئىنكاس قىلمايدۇ، دوكلات قىلمايدۇ، توسمايدۇ، كۈرەش قىلمايدۇ، ھەتتا پىتنە-ئىغۋالارنى تارقىتىدۇ، پىتنە-ئىغۋالارغا ئىشىنىدۇ، كوچا خەۋەرلىرىنى تارقىتىدۇ. بەزىلىرى شەخسىي نام-مەنپەئەتنى دەپ تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ مۇناسىۋەت باغلاپ، تەخسكەشلىك قىلىش، ئاپاق-چاپاق بولۇۋېلىشتەك ئىنتايىن چاكىنا ئىستىللارنى پارتىيە ئىچىگە ئېلىپ كىردى. بەزىلىرىنىڭ روھى چۈشكۈن بولۇپ، مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئايلىنىپلا يۈرىدۇ، خىزمەتنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ، شەكىلۋازلىق قىلىدۇ، ھەتتا ساختىپەزلىك قىلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئاممىۋى كۆزقارىشى سۇس بولۇپ، ئامما بىلەن مۇناسىۋەت قىلمايدۇ، ئاممىنىڭ دەردلىرىگە ھەمدەم بولمايدۇ، ئاممىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىپ بەرمەيدۇ، ھەتتا

ئامىنى بۇزەك قىلىدۇ. بەزىلىرى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزدى، ھەتتا جىنايەت پاتقىقىغا چۈشۈپ كەتتى. بەزىلىرى سىرت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىمىدى، ھەتتا مىللىي غۇرۇرى ۋە كىشىلىك غۇرۇرىنى يوقاتتى، ۋەھاكازالار. يەنە بىرمۇنچە ئىشلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. بۇ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئەلۋەتتە تۈرلۈك سەۋەبلەر بار، ئەمما تۈپ سەۋەب ئۆگىنىشكە سەل قاراپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلماسلىقتا، كاللىدا ماركسىزملىق ۋە سوتسىيالىستىك سىياسەتنىڭ كەملىكىدە. مەركەز ئىنچىل تۈردە، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار، ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بوشاشماي داۋاملىق ئۆگىنىشى كېرەك، دەپ تەكىتلەپ كېلىشتە دەل كۆپچىلىكنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى، نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەتراپلىق، توغرا، ئاكتىپ ئىزچىللاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەن مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمى باشلىقلىرى يىغىنىدا، رەھبىرىي كادىرلار پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە بايرىقى روشەن بولۇشى، بەزىبىر ئاساسلىق چەك-چېگرىلارنى ئايرىشقا دىققەت قىلىشى كېرەك، دەپ سۆزلىگەنىدىم. مەسىلەن، ماركسىزم بىلەن ئانتىماركسىزمنىڭ چېگرىسى، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي بىرلىكلەرنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنىڭ چېگرىسى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن غەربىيچە پارلامېنت دېموكراتىيىسىنىڭ چېگرىسى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزم، مېتافىزىكىنىڭ چېگرىسى، سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن فېئوداللىق، كاپىتالىستىك چىرىك ئىدىيىنىڭ چېگرىسى، غەربنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنۇش، چەت ئەللەرگە خۇشامەت قىلىشنىڭ چېگرىسى، مەدەنىيەتلىك ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن پاسسىپ چۈشكۈن تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ چېگرىسى ۋەھاكازالار. بۇنداق چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردە، رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ھەق-ناھەقنى، گۈزەللىك-رەزىللىكنى پەرق ئەتمەسلىككە، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىغا زىت سۆزلەرنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىشكە، پارتىيىنىڭ مەقسىتى ۋە ئىنتىزامى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان ناچار ئىستىللارنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ چەك-چېگرىلارنى ئېنىق ئايرىپ، كاللىنى سەگەك تۇتقاندىلا، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

مەن بۇ يەردە دېموكراتىيە مەسىلىسىنى يەنە سۆزلەپ ئۆتەي. دېموكراتىيە دېگەن سىياسىي ئۇقۇم

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۇ ئۇستقۇرۇلما كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. دۇنيادا ئەزەلدىن قانداقتۇر ئابستراكت، سىنىپتىن ھالقىغان دېموكراتىيە بولۇپ باقمىغان، ھەم قانداقتۇر مۇتلەق دېموكراتىيىمۇ بولۇپ باقمىغان. دېموكراتىيىنىڭ تەرەققىياتى ھەمىشە مەلۇم بىر خىل سىنىپىي مەنپەئەت، ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىت بىلەن باغلانغان بولىدۇ. ھەربىر دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بولىدۇ، دېموكراتىيە ھەر دۆلەتنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىشى كېرەك، بىزنىڭ دۆلىتىمىز كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت. كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنىڭ ماھىيىتى خەلقنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجايىن بولۇشىدۇر. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تۈزۈمىمىز ئەڭ كەڭ خەلق دېموكراتىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئەڭ ماس كېلىدۇ، شۇڭا ئۇ ئەڭ ياخشى دېموكراتىيە تۈزۈمى ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ پارلامېنت دېموكراتىيىسى دېگەن پرىنسىپلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيتىپ، ئومۇمىي شەكىلگە ئايلاندۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ بىر قۇرۇق خىيال. غەربتە قانداقتۇر يۇقىرى پالاتا، تۆۋەن پالاتا بولسا، بىزدە ئەڭ چوڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بىرسىلا بار، ئۇ بولسىمۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك: "بىزنىڭ يۈرگۈزۈۋاتقىنىمىز مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت بىر پالاتا تۈزۈمى، بۇ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەگەر سىياسەت، يۆنىلىش توغرا بولسا، بۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ پايدىسى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، دۆلەتنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشىگە، كۆپ ئاۋارىچىلىقتىن ساقلىنىشقا ئىنتايىن پايدىلىقتۇر." دۆلىتىمىزنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپتۇر. بۇ جەھەتتە غەرب دۆلەتلىرى بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. بىز مەردانىلىك بىلەن شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ "ئۈچ ھوقۇق تىركىشىپ تۇرۇش" تۈزۈمىدىن تېخىمۇ دېموكراتىك، تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىمىزمۇ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئەگىشىپ ئەمەلىيەت جەريانىدا داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، مۇكەممەللىشىپ بېرىشى لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلجان تۇرسۇن**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە مەسىلە

رۇڭ يىربىن

پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇش جەريانىدا، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ياخشى تاشقى شارائىتنىڭ بولۇشى، شۇنداقلا مۇلۇك ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنىڭ ئېنىق چۈشۈرۈلۈشى زۆرۈر، لېكىن ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە كارخانىلارنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، بازارغا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالايدىغانلىقىدا، ئۆزىنى بازار ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ بازارنى چۈشىنىش، بازارغا ماسلىشىش ئاساسىدا بازار بەرپا قىلىپ، بازاردا ياشاش يۈرۈستىنى، تەرەققىي قىلىش يۈرۈستىنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىدا. ھازىر دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ يولى "چوڭلىرىنى تۇتۇپ، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىش" دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنى توغرا چۈشىنىش كېرەك. مۈلۈكچىلىك ئۈستىدىلا باش قاتۇرماستىن، بەلكى مېخانىزمنى جانلاندۇرۇش كېرەك. ئەگەر مۈلۈكچىلىك ئۈستىدىلا باش قاتۇرغان، ئىشنىڭ ئېپىنى تېپىپ يۈرگەندە، دۆلەت مۈلكى ئېقىپ كېتىش ۋە ياكى كارخانا مەھسۇلاتلىرى بازارغا كېرەلمەسلىكتەك ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مەسىلىسى زادى قەيەردە؟ مېنىڭچە يەنىلا ئىگىلىك باشقۇرۇشتا. كارخانىلار مېخانىزمنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى قەدەممۇقەدەم ئىگەللەپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاساسىي گەۋدىلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

## 1. بازارغا يۈزلىنىش، مەۋقەنى بازارغا قويۇش، بازارنى ئېچىش

كارخانا—بازار ئىگىلىكىنىڭ ھۈجەيرىسى ۋە ئاساسىي گەۋدىسى، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بازار بىلەن ئورگانىك ھالدا زىچ باغلانغان. بازارغا يۈزلىنىش دېگەندە، كارخانىنىڭ بازارنى چىقىش

www.uyghurkitap.com

نۇقتىسى قىلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە نەزىرىنى بازارغا تاشلاپ، بازار رىقابىتىگە تايىنىپ بىر قەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مەۋقەنى بازارغا قويۇش دېگەنلىك، كارخانا ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى بازارنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراش، ئۆزىنى بازار ئىگىلىكىنىڭ چوڭ مۇھىتى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش ئىشلىرىنى ئورۇنلىشى، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي ئەشيالارنى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە مۇلازىمەت قىلىش فاكتورلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا بەلگىلىشى ۋە تەڭشىشى، شۇ ئارقىلىق كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ستراتېگىيىسىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى بىلەن ماسلاشتۇرۇشى كېرەك دېگەنلىكتىن ئىبارەت. بازارنى ئېچىش دېگەنلىك، پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازار رىقابىتىگە قاتنىشىپ، مەھسۇلاتنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتىنى ئىمكانقەدەر كېڭەيتىپ، كارخانىنىڭ ياشاش، تەرەققىي قىلىش ۋە زورىيىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. كارخانا بازار ئۈستىدە تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىشى، تۈرلۈك ئۇچۇرلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، بازاردىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلىپ، خەۋپ-خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىشى كېرەك. "مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى كارخانىنىڭ جېنى" دېگەن ئىدىيىنى مەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا سۈپەتنى ئۆستۈرۈشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىپ، تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى كېرەك. تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن مەھسۇلاتنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مۇسابىقىلىشىش جەريانىدا، چەت ئەلدىكى بەزى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتنىڭ "يېڭى تۈر، يۇقىرى سۈپەت، تۆۋەن تەننەرخ"نى قوغلىشىش جەھەتتە پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن ھەققەتەن ئاز بولمىغان تەجرىبىلىرى بار. مەسىلەن، بەزى كارخانىلار ئوپېراتسىيىلىك باشقۇرۇشنى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا قوللىنىپ، ئەڭ تۆۋەن تەننەرخ بىلەن ئەڭ يۇقىرى سۈپەت ۋە ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن، بۇ بىزنىڭ ئەينەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

بازارنىڭ چوڭىمۇ بولىدۇ، كىچىكىمۇ بولىدۇ، ھەم خەلقئارالىق بازار بولىدۇ، ھەم دۆلەت ئىچىدىكى بازار بولىدۇ. كارخانا قايسىسىنى نىشان قىلىدۇ؟ بۇنىڭدا ھەم چامىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەش، ھەم ئۆزىنى دەڭسەپ ئىش قىلىش لازىم. بازار ئىگىلىكى سىرتقا ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ئىگىلىك، كارخانا ئەلۋەتتە خەلقئارالىق بازارنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئۈلۈشىنى تاشلاپ قويماي، خەلقئارالىق بازارغا پائال ئاتلىنىشى كېرەك، لېكىن تېخىمۇ مۇھىمى، مەۋقەنى دۆلەت ئىچىدىكى بازارغا قويۇشى كېرەك. مەملىكەت ئىچىدىكى ئەھۋالغا

نەزەر سالساق، بىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزدا غايەت زور تارىخىي خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، سىياسەتنىڭ مۇقىم بولۇشى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە كېڭىيىشى ئارقىسىدا، خەلق ئىگىلىكى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتىدۇ، دۆلىتىمىزدەك 1 مىليارد 200 مىليون ئاھالىگە، 800 مىليون دېھقانغا ئىگە بولغان، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتتە غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ ساقلىنىۋاتىدۇ، مەملىكەت ئىچىدىكى بازارنىڭ ئىستىقبالى پارلاق. بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا بازىرى ناھايىتى كەڭ. سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى بىر-بىرىنى بازار قىلىدۇ، شەھەر بىلەن يېزا كالپۇك بىلەن چىشتەك بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئۆزئارا مال ئالماشتۇرۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تۇرمۇش ۋاستىلىرى جەھەتتە بىر-بىرىگە ئېھتىياجى چۈشۈشى، يېزىلاردىكى ئارتۇقچە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشى يېزا بازىرىنى بازار سىستېمىسىنى يېتىشتۈرۈش ۋە بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رولغا ئىگە قىلىدۇ. مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان، مەركەز باشتىن ئاخىر يېزا ئىگىلىكىنى ئىقتىسادىي خىزمەتتە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي توغرا، بۇنىڭدىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل بولدى، يېزا بازىرى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، كارخانا مەۋقەنى مەملىكەت ئىچىدىكى بازارغا قويۇپ، كۆزىنى مەملىكەت ئىچىدىكى بازارغا جۈملىدىن يېزا بازىرىغا تىكىشى، مەملىكەت ئىچىدىكى بازار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. بىرنەچچە يىلدىن بېرى، بەزى دۆلەتلەر بازىرىمىزغا كۆزى چۈشۈپ، بازىرىمىزدىن ئورۇن تالىشىش نىيىتى بىلەن، بىر ئامال قىلىپ مەملىكىتىمىزگە تاۋارلىرىنى سېتىش ۋە مۇلازىمەت كەسپىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ئۆزىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ بازىرىدا پۇت دەسسىتىپ، تىرىشىپ ئۆزىمىزنىڭ بازىرىنى ياخشىلىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكلىشى، قوللىشى ۋە ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھۆكۈمەت بازارنى ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي، قانۇنىي ۋاستىلەر بىلەن كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، "باشقۇرۇشمۇ مۇلازىمەتتۇر" دېگەن كۆزقاراشنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كارخانىنىڭ بازارغا كىرىشى ۋە ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. بازار سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش ۋە يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم-مۇھىم ئەمەسلىكنى، جىددىي-جىددىي ئەمەسلىكنى پەرقلەندۈرۈپ، بازار قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كارخانا ئۈچۈن

ھەر تەرەپلىملىك، بىر-بىرىگە باغلىق بولغان، ئىچىۋىتىلگەن بازار سىستېمىسىنى يارىتىپ بېرىشى لازىم. بازار تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇن، نىزاملارنى ئېلان قىلىپ، ئادىل، ئەقىلگە مۇۋاپىق رىقابەتنى ھەققىي قوغدىشى، ھايانكەشلىك قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىشى، يالغان، ناچار تاۋارلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىشى كېرەك. باھا ئارقىلىق يېتەكلەش سىياسىتىنى ۋاقتىدا بەلگىلەپ ۋە يولغا قويۇپ، كارخانىنى بازار ئېگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا يېزا ئىگىلىكى، قاتناش، ئېنېرگىيە ۋە ئالاقە قاتارلىق ئاساسىي كەسىپلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش-ئېچىش ئىشلىرىنى كۈچەيتىشكە يېتەكلىشى ھەمدە كارخانىنى ئاساسىي كەسىپلەردىكى رىقابەتكە قاتنىشىش جەريانىدا بىر قەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرۈشى لازىم.

بازارنىڭ ۋاستىچىلىك تەشكىلاتلىرىغا ئېتىبار بېرىلىشى كېرەك. ھازىر بوغالتىرلىق، ئادۋوكاتلىق، مۆلچەرلەش، سىنچىلىق قاتارلىق ۋاستىچىلىك تەشكىلاتلىرى بارلىققا كەلدى، بۇ ۋاستىچىلىك ئاپپاراتلىرى دۆلەتنىڭ قولىدا تۇرۇشى لازىم. چەت ئەللەردە بۇ كەسىپلەر ئەلۋەتتە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدە بولىدۇ، لېكىن بىزنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقىنىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى، شۇڭا بۇ ۋاستىچىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسىلا خۇسۇسىي شىرىكچىلىك تۈزۈمىدىكى تەشكىلات بولۇپ كەتسە بولمايدۇ، ئۇنداق بولغاندا ئادىللىقنى يوقىتىپ قويۇش خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جەھەتتە چوقۇم ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئاپپاراتلار بولۇشى كېرەك.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ھۆكۈمەتنىڭ كارخانىنى بىر ساغلام بازار بىلەن تەمىن ئېتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ۋاھالەنكى سوتسىيالىستىك كارخانا ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشى جەريانىدا، كەسپىي ئەخلاققا ئەمەل قىلىشى؛ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى كۆزلەشنىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كېرەك.

## 2. پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى چىڭ تۇتۇش، ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش

ھازىرقى شارائىتتا، پەن-تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلۈك رولى بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەم دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا ھەل قىلغۇچ ئاملغا ئايلاندى. بازار ئىگىلىكىدە، كارخانىلارنىڭ رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇش-تۇرالماسلىقى، پايدا ئېلىپ غەلىبە قازىنىش-قازىنالماسلىقىمۇ خېلى زور دەرىجىدە پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىغا باغلىق بولىدۇ. ھۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بىزنىڭ كارخانىلىرىمىز

كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى. لېكىن، كۆپ تەرەپلىمە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھازىر خېلى كۆپ ساندىكى كارخانىلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرى كونىراپ قالدى، تېخنىكىسى كۈچىدىن قېپقالدى، ھەتتا بەزى ئۈسكۈنىلىرى چاتاقلىرى تۇرۇپ ئىشلەۋاتىدۇ، بۇ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازاردىكى رىقابەت كۈچى يېتەرسىز بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت جەھەتتە تازا قىيىن ئەھۋالدا تۇرماقتا. كارخانىلارنىڭ بۇ خىل قىيىن ئەھۋالى تېزلىكتە ئۆزگەرتىلىشى كېرەك.

**بىرىنچىدىن، كارخانىلار پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، يېڭى مەھسۇلاتلار تېخنىكىسىنى يارىتىش كۈچىنى ئاشۇرۇشى لازىم.** ھازىرقى دۇنيا يۇقىرى پەن-تېخنىكا دەۋرىدە تۇرماقتا. پەن-تېخنىكا كۈندىن-كۈنگە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ كىرمەكتە. كارخانىلارنىڭ بازاردىكى رىقابىتى، ئەمەلىيەتتە، مەھسۇلات سۈپىتى جەھەتتىكى رىقابەت، يەنى مەھسۇلاتلىرىغا سىڭگەن پەن-تېخنىكا ئامىلى جەھەتتىكى رىقابەتتىن ئىبارەت. بەزى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلماي بېسىلىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان ئامىللار ئىچىدە ئوبوروت يوللىرى راۋان بولماسلىق ئامىلى بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىنىڭ تۈگۈنى يەنىلا مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆزىدە. شۇڭلاشقا، كارخانىلار پەن-تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلۈشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشى، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر-سەنئەتتىن پايدىلىنىپ، مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشى، مەھسۇلاتلارنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، ئىزچىل تۈردە بازارنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كەلتۈرۈشى، مەھسۇلاتلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە سۈپىتىنى ياخشىلاپ، ئۇنىڭدىكى پەن-تېخنىكا ئامىلىنى كۆپەيتىپ، ماددىي سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بازاردىكى رىقابەت كۈچى ۋە ياشاش، تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم.

**ئىككىنچىدىن، كارخانىلار تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىشى كېرەك.** ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، دۆلەتنىڭ نۇرغۇنلىغان يېڭى تىپتىكى كارخانىلارنى قۇرۇپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، پەقەت كارخانىلارنىڭ پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئاساسىغىلا قويالايدۇ. تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى بىر قەدەر ياخشى ھالەتتە تۇرغۇزۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ يېڭىلىنىشى ئۈچۈن ماددىي ئاساس يارىتىپ بەرگىلى، شۇنداقلا كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتتىكى زاپاس كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ بەزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كونا كارخانىلار پەقەت بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆز كۈچىگە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، كونا ئۈسكۈنىلەرگە قارىتا تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن تەننەرخنى تۆۋەنلىتىپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرالايدۇ. بەزى كارخانىلار ئازراق مەبلەغ سېلىپ، قىسقىراق ۋاقىت ئىچىدە كونا ئۈسكۈنىلەرگە قارىتا تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ”بوغما“ چەكلىمىسىنى يوقاتقان، بەزىلىرى يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش ئۈچۈن تېخنىكا ياردىمى بىلەن تەمىنلىگەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى بولۇپ، ئۇ كارخانىلارغا ئاز چىقىم بىلەن كۆپ پايدا ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كارخانىلار ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش شەرتى ئاستىدا، جۇغلانما جۇغلاش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاشتا پائال ئىزدىنىدىغانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئىشىغا نىسبەتەن، دۆلەت مالىيە، ئىناۋەتلىك قەرز، پايدا-باج قاتارلىق ماكرولۇق سىياسەت جەھەتتە زور مەدەت بېرىشى لازىم. ھازىر بەزى جايلار دۆلەت كارخانىلىرىغا مەبلەغ سېلىش ئىشىنى ئەتراپلىق ئويلاشمايۋاتىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تايانچ سانائەتكە، ئاساسىي سانائەتكە مەنسۇپ، ئەگەر ھەممە تەرەپلەر ئۇنىڭغا مەبلەغ سالمايدىغان، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىمايدىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ”بوغما“ چەكلىمىسى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ-دە، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساس، باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەر قوشۇمچە قىلىنغان مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ. بۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدىغان مەسىلىدۇر.

**ئۈچىنچىدىن، ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشچان-ئىقتىسادچىللىق بىلەن كارخانا باشقۇرۇشتەك ئېگىلىك تىكلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.** كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن، ياخشى-يامان بولۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، كارخانىلار ئىلمىي باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئىلمىي باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. كارخانىلار خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش خىلدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى سۈپەت ۋە ئەڭ تۆۋەن سەرپىيات ئۆلچىمىگە ئاساسەن، سۈپەتنى باشقۇرۇش ۋە تەننەرخنى باشقۇرۇش بويىچە ئىلمىي ھەم قاتتىق تۈزۈم ئورنىتىپ، قاتتىق بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى، ھەقىقىي تۇتۇپ ھەقىقىي باشقۇرۇشى، باشقۇرۇشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى لازىم.

ئىلمىي باشقۇرۇش بىزنىڭ نۇرغۇن كارخانىلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ئىدى، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ نۇرلاندۇرۇش لازىم. كارخانىلارنى ئىلمىي باشقۇرۇش داۋامىدا، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەش، تىرىشچان-ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش—بىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىمىزدۇر، بۇ ئەنئەنىنى تاشلىۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. قانچە زامانىۋىلاشقانسېرى جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى شۇنچە تەشەببۇس قىلىشىمىز ۋە جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بىز پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىمىز، ئەگەر ئۇنىڭغا جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەش قوشۇلسا، كۈچ-قۇدرىتى تېخىمۇ زور بولىدۇ. ھازىر بەزى كارخانىلار بىر تەرەپتىن، تېخنىكىدا ئارقىدا قالغان، ئىشلەپچىقىرىشى چېكىنىپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كۆپ قەۋەتلىك بىنا، زال، ساراي، مېھمانخانىلارنى ياساتتى، ھەشەمەتلىك ماشىنىلارنى سېتىۋالدى؛ بىر تەرەپتىن مەبلەغ قىسلىقى يۈز بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سۆلەتۋازلىق قىلىپ، پۇل خەجلەشتە ئىسراپخورلۇق قىلدى، ئۆزگەرتىشنىڭ گېپى چىقسىلا ئاۋۋال زاۋۇتنىڭ بىنالىرىنى ئۆزگەرتتى، كېڭەيتىپ قۇرۇشنىڭ گېپى چىققان ھامان، ئاۋۋال تاشقى كۆرۈنۈشنى ياسىدى، بۇلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئەمەس ئىدى. بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، بازار رىقابىتىگە قاتنىششتا، بايلىقنى ئاشۇرۇش، بايلىق توپلاش، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش يوللىرىنى تەكىتلەش ئىنتايىن مۇھىم ئىش، دۆلىتىمىزدەك مەبلەغ كەمچىل دۆلەتتە، مەيلى ھازىر ياكى يىراق كەلگۈسىدە بولسۇن، ئىقتىسادىي ھېساباتنى كۈچەيتىش، ئىنچىكە ھېساب قىلىپ، ئىقتىساد قىلىشنى قاتتىق يولغا قويۇش، تەنەنەرخنى چۈشۈرۈپ، سىلىنما-ھاسىلات ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مالىيە ئىقتىساد ئىنتىزامى ۋە ئۇنىڭغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىپ، ”پولاتنىڭ ياخشىسىنى پىچاقنىڭ بىسىغا ئىشلىتىش“كە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## 3. مۇھىم ھالقا كارخانا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ساپا-سىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە

ئىختىساسلىق خادىم كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تىجارىتى ۋە بازار رىقابىتىگە قاتنىششى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. زامانىمىزدا كارخانىلارنىڭ رىقابىتى خېلى دەرىجىدە ئىختىساسلىق خادىملار جەھەتتىكى رىقابەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. كارخانىلار بۇ يۈزلىنىشكە ماسلىشىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش قەدىمىنى تېزلىتىپ، خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى، ئىدىيىۋى ئەخلاقى، پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت بىلىم سەۋىيىسىنى يېڭى بىر يۈكسەكلىككە يەتكۈزۈشى لازىم.

سوتسيالستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش بۇرۇنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىجادىيەت خاراكتېرلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ، ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش تېخىمۇ چوڭقۇر ئىنقىلابتۇر. كارخانىلار كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىنى بىر ئىزدىلا توختاپ قېلىشتىن دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشتەك روھىي ھالەتكە بۇرىشى لازىم. كارخانىلارنىڭ ”تۆمۈر تاۋىقى“نى كۆتۈرۈش ۋە ئالغا ئىنتىلىش نىيىتىدە بولماي ”داشقازاننىڭ ئېشىنى يېيىش“ بىلەن قانائەتلىنىش ئىدىيىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ھەقىقىي ھالدا كارخانىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرۇشى، كارخانا بىلەن تەقدىرداش قىلىشى لازىم. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىچىدە ئىنتايىن زور سوتسيالستىك ئاكتىپچانلىق بار، بىز پەقەت ھەقىقىي يوسۇندا جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىدىغان بولساقلا، قانچە زور قىيىنچىلىقلارنىمۇ يېڭىپ كېتەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تېخنىكا ۋە بىلىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. خەلقئارادىكى رىقابەتكە قاتنىششتا، كارخانىلىرىمىزنىڭ ئىلگىرىكى ئەۋزەللىكلىرىنىڭ بىرى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئەرزانلىقى ئىدى، ھازىر بولسا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەننەرخى بارغانسېرى ئۆرلىمەكتە، يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىك ئاستا-ئاستا يوقالماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تېخنىكا ساپاسى ۋە ئىدىيىۋى ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، زور بىر تۈركۈم ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك تايانچلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كارخانىلارنىڭ ئالدىدىكى ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپە.

كارخانىلار يەنە قەدەممۇقەدەم ئىختىساسلىق خادىملارنى ئىشلىتىش-باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم. ئەمگەكچىلەرنى خىللاپ ئۇيۇشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، كارخانا كادىرلىرى، ئىشچىلىرى ۋە تېخنىك خادىملىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىشقا سېلىش، يېتەرسىزلىكلىرىدىن قېچىش، ھەرقايسىلىرىنى ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن قابىلىيەتلىكلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، قابىلىيەتسىزلەرنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى خىللاپ تەشكىللەش شەرتى ئاستىدا مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۆزگىرىشلەر قايتا-قايتا بولۇۋەرسە، مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىشكە ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى توپلاشقا پايدىسىز، مۇنداقتا، ئوڭايلا قىسقا مۇددەتلىك ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىپ، كارخانىلارغا تېگىشلىك بولمىغان زىيانلارنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. ئادەم ئىشلىتىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئۇرۇغ-

توغقان، ئاغىنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ۋە باشقا نۇقسانلارنى تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

خادىملار ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ كېلىپ چىقىشى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشكە باغلىق. كۆپ خىل يوللار ۋە كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق خىزمەت ئورنىغا كېلىشتىن بۇرۇنقى، خىزمەت ئورنىغا كەلگەندىن كېيىنكى ۋە خىزمەت ئورنىدىكى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى بەلگىلىك كەسپىي بىلىم، ئىقتىدار ۋە ئەخلاقىي سەۋىيىگە ئىگە قىلىش كېرەك؛ ھەر خىل تەربىيە ئارقىلىق، ھەر خىل قاتلام ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردىكى مەخسۇس خادىملارنى، مەسىلەن، ئىگىلىك باشقۇرغۇچى، تېخنىكىلىق لايىھىلىگۈچى، مەھسۇلاتلارنى ساتقۇچى قاتارلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ، كارخانىلارنىڭ ئىختىساسلىقلار رىقابىتىدە ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشكە پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە تېگىشلىك بولغان يەنە بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ ھەر يىلى 10 مىليونچە نوپۇسنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، ئىشسىز قالغانلارغا ئىجتىمائىي ياردەم بېرىش، ياردەم پۇلى بېرىش ۋە مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشكىلا تايانغان بىلەن بولمايدۇ، مۇھىمى، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى يارىتىشقا تايىنىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى بەلگىلىك سەۋىيىدە مۇھىملاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دېـھقـانلارغا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپمۇ بېيىغىلى بولىدىغانلىقنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز لازىم، بۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر سىياسەتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاساسىي ئىنشائات ۋە سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغاندا، ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئىش كۈتۈپ تۇرغان خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش-نى قانات يايدۇرۇپ، ھەر خىل خادىملارنىڭ زاپاس قوشۇنىنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقىنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ، خادىملارنىڭ يۈتكىلىپ يۈرۈشىدىكى قارىغۇلۇقنى تۈگىتىشكە، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ۋە ئىگىلىكنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغىمۇ پايدىلىق.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش داۋامىدا ئۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ ئەھۋاللار يولۇقۇشى مۇمكىن. بىز تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئاكتىپ، تەشەببۇسكار خىزمەت روھى بىلەن ھەربىر قەدەمنى پۇختا بېسىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ،

ئۆز ۋاقتىدا تەكشەش ئېلىپ بېرىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كۈچىمىزنى تۆھپە قىلىشىمىز لازىم.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت
ياسىن مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# ئەسىر ئالمىشىۋاتقان مەزگىلدىكى پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ بۇرچى*

جۇ گۋاڭيا

ئىنسانلار يېڭى ئەسىرگە ۋە يېڭى مىڭ يىلغا قەدەم تاشلىماقتا. ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان 20-ئەسىرنى ئەسلەيدىغان بولساق، پەن-تېخنىكا ئىشلىرى مىسلىسىز تېز سۈرئەتتە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، نىسبەت نەزەرىيىسى، كۋانت نەزەرىيىسى، جانلىقلارنىڭ چوڭ مالېكولالىق ئوكسىگېنسىز رىبو يادرو كىسلاتا فېرمېنتى (DNA) قوش بۇرما شەكىللىك قۇرۇلمىسىنىڭ ۋە ئىرسىيەت مەخپىي رەقىمىنىڭ بايقىلىشى 20-ئەسىردە تەبىئىي پەن ساھەسىدە ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشنىڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ يېقىنقى 40 يىل مابەينىدە مىكرو ئېلېكترون بىلەن ئۇچۇر تېخنىكىسى، يېڭى ماتېرىيال تېخنىكىسى، ئىلغار ياساش تېخنىكىسى ۋە زامانىۋى بىئولوگىيىلىك تېخنىكا ۋەكىل قىلىنغان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا توپىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ئوبيېكتىپ دۇنيادىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش داۋامىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ئاساسىي تەتقىقات، ئەمەلىي تەتقىقات ۋە تەرەققىيات تەتقىقاتىنىڭ زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشى ھەم بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈش، كەسىپ قۇرۇلمىسى ئۈستىدىكى زور تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈش، پەن-تېخنىكىنى بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئامىللىرى ئىچىدىكى ئەڭ جانلىق ھەل قىلغۇچ ئامىلغا ئايلىنىپ قېلىپ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى شىددەت بىلەن ئالغا سىلجىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا، ئالەمگە، ھايات ھادىسىلىرىگە ۋە بىلىش پەنلىرىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. يېڭى پەن ئىنقىلابى، تېخنىكا

---

* بۇ ماقالە يولداش جۇ گۋاڭيانىڭ 1996-يىل 5-ئاينىڭ 27-كۈنى جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 5-قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنىڭ ئىككىنچى قىسمى.

www.uyghurkitap.com

ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئىنقىلابى ھازىرلانماقتا، ئۇ مەيدانغا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. 21-ئەسىرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، پەن-تېخنىكىدا تېخىمۇ زور تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىدۇ، پەن-تېخنىكىنىڭ رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىش ۋە تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىش جەريانى كۈندىن-كۈنگە تېزلىشىدۇ. تەبىئىي پەن، تېخنىكا پېنى، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى، ئىجتىمائىي پەن، باشقۇرۇش پېنى ۋە ئۇچۇر يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان ستراتېگىيىلىك بايلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؛ ئۇلار يارىتىپ بەرگەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقى بىر دۆلەتنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدىكى كەسكىن رىقابەتتە تۇرغان ئورنىنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق ئامىلغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاھالىنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىشى ۋە تەبىئىي بايلىقنىڭ تېز خورىشىغا ئەگىشىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش تەلىپىگە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئېتىبار ۋە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ، ئىگىلىكنى يۇكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ يېرىك باشقۇرۇشتىن تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشقا ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە شۇ ئارقىلىق ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىنى ۋە ئىزچىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش تارىخنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى ۋە يولى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭغا تامامەن ئىشىنىشكە بولىدۇكى، 21-ئەسىردىكى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇشقا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشىدۇ.

ئىلىم-پەن — ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشىدىكى ئورتاق بايلىقى، مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ھولى؛ ئىلمىي روھ، ئىلمىي ئىدىيە ۋە ئىلمىي ئۇسۇل مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا باشلامچىلىق ۋە تۈۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. ھازىرقى زامان ئىلىم-پېنىدىن پەيدا بولغان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلار ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان كەسىپلەر بولسا كۈندىن-كۈنگە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ۋە خەلقئارا رىقابەتتىكى كونترول قىلىش نۇقتىسىغا ئايلىنىپ، دۇنيا تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ ۋەزىيەتنى ئاساس قىلىپ، سوغاق ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى دۇنيا ئەللىرى، مەيلى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بولسۇن ياكى نۇرغۇن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسۇن، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ۋە پەن-تېخنىكا سىياسىتىنى تەڭشىۋاتىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا ئىشلىرى ئۇچقاندەك تېز

ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا سەۋىيىسى بىلەن خەلقئارا ئىلغار سەۋىيە ئوتتۇرىسىدا

يەنىلا خېلى چوڭ پەرق بار. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېيىلگەن ئىدىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىغا يۆتكەش، يېڭى ئەسىردە مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن ئۆتكەن يىلى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، مەملىكەتلىك پەن-تېخنىكا يىغىنىنى چاقىرىپ، پەن، مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بولۇپمۇ پەن-تېخنىكا، مائارىپ خادىملىرىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ۋە قىزغىن ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى.

ئالدىنقى ئەسىر ئالمىشىش دەۋرىدىن باشلاپ، تۇرغۇن پېشقەدەم پەن-تېخنىكا خادىملىرىمىز "ئىلىم-پەن ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتقۇزۇش"، "مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتقۇزۇش" ئىشىغا ئۆزىنى ئاتاپ، ئىلىم-پەن، مائارىپ تەرەققىياتىنى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەغدىرى بىلەن باغلىغانىدى. ئەمما يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا، پەن-تېخنىكا خادىملىرى ۋەتىنىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن كەڭ ساھەلەردە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىش، تۆھپە يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. يېڭى ئەسىر ئالمىشىۋاتقان دەۋردە، بىز دۆلىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا يەنە بىر باھارنى كۈتۈۋالماقتىمىز. ئىلىم-پەن ۋە مائارىپنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئورنى پەن، مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش دېگەن ئۇلۇغ ستراتېگىيە ئارقىلىق تۇرغۇزۇلدى. پەن، مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى ۋە داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزۈش، ئومۇمىيلىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىككى تۈپ بۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شۇنىڭدەك 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇھىم باشلامچىسى ۋە پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان ئىلىم-پەن خادىملىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار، ئۇلار شەرەپلىك مۇشكۇل تارىخىي ۋەزىپىنى ئاڭلىق تۈردە ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

**1. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا ئاكتىپ ئاتلىنىپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىدا بۇرۇلۇش ياساش ۋە**

## خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇش كېرەك

پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز بەلگىلىگەن مەملىكىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا خىزمىتى باشتىن ئاخىر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئاساسىي جەڭ مەيدانى قىلىشى كېرەك دېگەن فاڭجېنغا ئاساسەن، پەن-تېخنىكا خادىملىرى ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ يېرىك باشقۇرۇشتىن ئوجۇپىلەپ باشقۇرۇشقا بۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىشى، ھەمدە مەملىكىتىمىزدە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە يېڭى كەسىپلەرنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئاساسەن پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەركەز قىلىش يولىغا سېلىشى لازىم. پەن-تېخنىكا خادىملىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلىنىدىغان پەن-تېخنىكا خىزمەتلىرىدە، مەيلى تەتقىقات، ئېچىش، قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئىشلىرىدا بولسۇن ياكى تېخنىكا كېڭەيتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۇرۇشتۇرۇش ئىشلىرىدا بولسۇن، يولداش جياڭ زېمىننىڭ "يېڭىلىق يارىتىش بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ يېتەكچى ئامىلى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىدىكى تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ" دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستە چىڭ ساقلىشى، بۈگۈنكىدەك پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش يولىنى تۇتمايدىغان بولساق، دورامچىلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئارقىدا مېڭىشتىن باشقا يول تاپالمايدىغانلىقىمىزنى، مەڭگۈ ئارقىدا قالىدىغانلىقىمىزنى تونۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش يولىدا بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى، يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاساسلىق مەسىلە. كەڭ يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات خادىملىرى ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش خادىملىرى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى تەتقىق قىلىپ يارىتىش ۋە ئىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلغار، يارامىلىق يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ۋە تېخنىكىلىرىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ ئومۇملاشتۇرۇشى كېرەك؛ دېھقانلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىپ، كەڭ دېھقانلار بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ۋە يېزا ئىقتىسادى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، سەرخىللاشتۇرۇش، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، پەن-تېخنىكا ئارقىلىق نامرات رايونلار-

نىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ داۋاملىق مۇقىم يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە دۆلىتىمىزنىڭ 21-ئەسىردىكى يېمەكلىكلەر بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەردىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئىشى تېزلىتىلىدۇ، بولۇپمۇ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق ئاساسىي كەسىپلەر بىلەن تايانچ كەسىپلەرنى قوراللاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش جەريانى تېزلىتىلىپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنى باشقۇرۇشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش، ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە ئەقلىيلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مۇھىتنى ئاسراش، بايلىقنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش شۇنىڭدەك جامائەت بىخەتەرلىكى، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئاپەتكە قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات ساھەسىدىكى پەن-تېخنىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. سانائەت ساھەسىدە پەن-تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە ئېچىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پەن-تېخنىكا خادىملىرى ئىشلەپچىقىرىش ئورنى، مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورنى بىرلىشىش، "زاۋۇت بىلەن ئىلمىي جەمئىيەت ھەمكارلىشىش"، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ياكى پەن-تېخنىكا خادىملىرى چوڭ تىپتىكى كارخانىلار گۇرۇھىغا كىرىپ ئىشلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردىكى ئىنژېنېر-تېخنىك خادىملار بىلەن بولغان بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىقنى زىچلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئەھمىيەت بېرىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش، بولۇپمۇ كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئېچىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى، كارخانىلارنى ھەقىقىي تۈردە تېخنىكا يېڭىلاشتۇرۇش قوشۇنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. يېزا-بازار كارخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقان پەن-تېخنىكا خادىملىرى كارخانىلارنىڭ سۈپىتىنى ۋە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. پەن-تېخنىكا مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى كەسپىدە ئىشلەۋاتقان پەن-تېخنىكا خادىملىرى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك، كۆپ شەكىللىك تۈرلۈك پەن-تېخنىكا مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى بازارلىرىنى ئاكتىپ ئېچىپ، تەدبىر كۆرۈشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، ئىلمىيلەشتۈرۈش ۋە تېخنىكىنى تاۋارلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەملىكىتىمىزدىكى پەن-تېخنىكا مەسلىھەتچىلىك ئىشلىرىنى تېزدىن كەسپلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى

پەن-تېخنىكا كارخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقان پەن-تېخنىكا خادىملىرى يۇقىرى پەن-تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، كەسپلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلپىگە ئاساسەن، پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش ۋە يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

**2. ئۇلۇغۋار غايە-جەسۇرانە ئىرادە تىكلەپ، تىرىشىپ ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپ، دۇنيانىڭ يۇقىرى تېخنىكا ساھەسىدە تېگىشلىك ئورۇن ئېلىش كېرەك**

پەن، مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە، تېخنىكىلارنى بولۇپمۇ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىشنى كۈچەيتىپ، پەن-تېخنىكا نەتىجىسىنى تاۋارلاشتۇرۇش، كەسپلەشتۈرۈش جەريانىنى تېزلىتىش بىلەن بىرگە، يەنە ئاساسىي تەتقىقاتنى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشكە داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى، پەن-تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا، ئاساسىي تەتقىقات ۋە يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پەن-تېخنىكا خادىملىرى ئالاقىدار نۇقتىلىق پەن تەتقىقاتى بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، دۇنياۋى ئىلىم-پەننىڭ ئالدىنقى سېپىدە مۇستەھكەم قورغانىنى بەرپا قىلىپ، ئۆتەلەيدىغان سەرخىل قوشۇن بولۇپ شەكىللىنىشى، نىشانىنى ئىخلاس بىلەن تاللاپ، زور كۈچلەر بىلەن ماسلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، دۇنياۋى يۇقىرى تېخنىكا ساھەسىدە تېگىشلىك ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. شۇڭا، ئاساسىي تەتقىقاتنى راۋاجلاندۇرۇشتا، چوقۇم "قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى قىلىش، قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغانلىرىنى قىلماسلىق" پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، چوقۇم دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، دۇنيا مىقياسىدا ئالدىنقىلار چىقىپ باقمىغان ئېگىز چوققىنى نىشان قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆبيېكتىپ دۇنياغا بولغان بىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز ۋە كېڭەيتىشىمىز كېرەك. يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پەن-تېخنىكا خادىملىرى قىيىنچىلىقتىن قورقماي، ئاكتىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، نىشانىنى توغرا تاللاپ، بۆسۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش بىلەن بىرگە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، بىكىنمە، ئىجمىچىت تۇرىدىغان، ھازىرقى ئەھۋالغا قانائەت قىلىدىغان ھالەتنى بۇزۇپ، ئېچىۋېتىش، يۈرۈشۈش،

ماسلىشىش، رىقابەتلىشىش ئاساسىدىكى بىگىلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان كۆزقاراش ۋە مېخانىزمنى بەرپا قىلىش، ”بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش“ فاڭجېننى چىڭ تۇتۇپ، ئىلىم-پەن مەسىلىسىدە ئەركىن بەس-مۇنازىرە قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىلىم-پەننى گۈللەندۈرۈش، ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ۋە ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

**3. پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ، ئىلمىي روھنى جارى قىلدۇرۇپ، پەننى بىلىم، ئىلمىي ئىدىيە ۋە ئىلمىي ئۇسۇلنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك**

پەن-تېخنىكا جەھەتتە ھەم سەۋىيىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يۇقىرى پەللىگە چىقىش كېرەك، ھەم خەلق ئاممىسىغا يۈزلىنىپ ئومۇملاشتۇرۇپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك، بۇ پەن-تېخنىكىنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ تەلىپى. پەن-تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ تەتبىقلىنىشى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنالايدۇ، ئىلمىي روھنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى، ئىلمىي پوزىتسىيىنىڭ تەشەببۇس قىلىنىشى، پەننى بىلىم، ئىلمىي ئىدىيە، ئىلمىي ئۇسۇلنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تەشۋىق قىلىنىشى بولسا كىشىلەرنىڭ خۇراپاتلىقنى، نادانلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، چىن پەن بىلەن ساختا پەننى پەرق ئېتىپ، ئالىيجاناب غايە، ئېتىقاد ۋە توغرا دۇنيا قاراش، توغرا مېتودولوگىيىنى تۇرغۇزۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى تۆپتىن كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تېخىمۇ زور رول ئوينىيالايدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ پېشقەدەم ئىلىم-پەن خادىملىرى پەننى بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا «ئىلىم-پەن» ژۇرنىلىنى چىقارغانىدى، تۇرغۇن ئاتاغلىق مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ خەلق ئاممىسىغا بولۇپمۇ كەڭ ياش-ئۆسمۈرلەرگە يۈزلىنىپ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بارغان تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى تا ھازىرغىچە كەڭ تارقالماقتا. نۇرغۇن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر جامائەتكە پەننى چۈشەندۈرۈشكە كۈندىن-كۈنگە ئېتىبار بېرىپ، پۇقرالارنىڭ پەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم ۋەزىپە قىلىۋاتقان پەيتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى چېكىنىپ كېتىۋاتقان، خۇراپاتلىق، نادانلىق ۋە ساختا پەن پائالىيەتلىرى يامراپ كېتىۋاتقان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بەزى پىكىرلىرى

www.uyghurkitap.com

رى»نىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ۋە ياردەمنى كۈچەيتتى. كەڭ پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ روھى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، نۇرغۇن كىشىلەر ھەرىكەتكە كەلدى، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر پەننى ئومۇملاشتۇ-رۇش ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتاشنىڭ مۇۋاپىق يولىنى ۋە ئۇسۇلىنى ئىزدەپ تاپماقتا.

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ساھەسىدىكى كەسپىي خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ تەشكىلاتلىرى شۇنىڭدەك پەن-تېخنىكا سارىيى، تەبىئىي پەن مۇزېيى، ياش-ئۆسمۈرلەر پەن-تېخنىكا پائالىيىتى مەركىزى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىتاب، ژۇرنال، گېزىت، ئۈن-سىن بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىدىغان ئورۇنلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پەننى ئومۇملاشتۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپاراتلار ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىچىلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئاساسىي كۈچ بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ھەمدە ياخشى خىزمەت نەتىجىسى ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ جامائەتكە پايدىلىق بولغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور ياردەم بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. تەتقىقات، ئېچىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پەن-تېخنىكا خادىملىرىمۇ كەڭ خەلق ئاممىسىغا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىلىپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ قاراپ، يېڭى كەشپىيات، يېڭى ئىجادىيەتلەرنى خەلق ئاممىسى چۈشىنەلەيدىغان ئاممىباب تىل بىلەن ئوبرازلىق ھالدا چۈشەندۈرۈشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. تۈرلۈك خىزمەت ئورنىدا ئىشلەۋاتقان پەن-تېخنىكا خادىملىرى يېڭى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىلمىي ئىدىيە ئارقىلىق مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۈلگىسى بولۇشى، پەننىڭ قەدىر-قىممىتىنى قوغداش، خۇراپات-لىق، نادانلىقنى تۈگىتىش، ساختا پەنگە قارشى تۇرۇشتىكى ئاۋانگارتى بولۇشى، نوپۇس، بايلىق، ئېكولوگىيە ۋە مۇھىتنىڭ ماسلىشىشىنى، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى نەمۇنىسى بولۇشى لازىم. تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، مەسىلەن پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ماقالىلەرنى يېزىش، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، ياش-ئۆسمۈرلەر ئارىسىغا بېرىپ، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى، ئىلمىي ئىدىيە، ئىلمىي ئۇسۇللارنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى پىدائىيلار قوشۇنىنى كۈندىن-كۈنگە زورايتىپ، ئىجتىمائىي مۇھىتنى تازىلاش، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىلىپ بېرىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى لازىم.

**4. پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش پەن-تېخنىكا خادىملىرى قول تۇتۇشۇپ بىللە ئالغا بېسىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پەن-تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك**

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 46 يىلدىن بۇيان، پەن تارماقلىرى تولۇق بولغان 18 مىليوندىن ئارتۇق كىشىلىك پەن-تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنى يېتىشتۈرۈلدى. كەڭ پەن-تېخنىكا خادىملىرى ۋەتىنىمىز-نىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، تارىخىي خاراكتېرلىك غايەت زور تۆھپە قوشتى. پەن، مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇۋاتقان ئەسىر ئالمىشىش دەۋرىدە، دۆلىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكىلەر كونا بىلەن يېڭى ئالمىشىۋاتقان دەۋردە تۇرماقتا، شۇڭا، ئەسىر ھالقىيدىغان پەن-تېخنىكا قوشۇنىنى بەرپا قىلىش مەسىلىسىگە، بولۇپمۇ ياش پەن-تېخنىكا باشلامچىلىرىنى ۋە ياش پەن-تېخنىكا قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە پېشقەدەم پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ رولىنىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

كەڭ پەن-تېخنىكا خادىملىرى پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق ۋە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، "پىداكارلىق، ئىجادچانلىق، ئەمەلىيەتچىللىك، ھەمكارلىق" روھىنى ۋە "ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، ھالال ئىشلەش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئاسراش، يېقىندىن ھەمكارلىشىش"تىن ئىبارەت كەسپىي ئەخلاقنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسىنى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشقا دائىر قانۇن، قائىدە-نىزاملارغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشى، پەن تەتقىقاتى خىزمىتىدىكى ساختىپەزلىك قىلىش، كۆچۈرۈۋېلىش قىلمىشلىرىغا، شۇنىڭدەك تەتقىقات تېمىلىرىنى باھالاپ تەكشۈرۈش، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاش، پەن-تېخنىكا ساھەسى بويىچە مۇكاپاتلاش ئىشلىرىدىكى ناتوغرا ئىستىلغا قارشى تۇرۇشى، ھەر خىل چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ ئالىملىرىمىزنىڭ ۋىجدانىنى ۋە ئەخلاقىنى بۇلغىشىنى قەتئىي توسۇشى كېرەك. پەن تەتقىقاتى، ئېچىش، لايىھىلەش، ئىشلەپچىقىرىش، مائارىپ قاتارلىق كەسىپ ۋە ساھەلەردە ئىشلەيدىغان پەن-تېخنىكا خادىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش، تارماقلار ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پەن-تېخنىكا بايلىقىنىڭ

مۇۋاپىق، سەرخىل تەقسىملىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. ئوتتۇرا ياشلىق ۋە پېشقەدەم پەن-تېخنىكا خادىملىرى ياش پەن-تېخنىكا خادىملىرىغا كۆيۈنۈش، ياردەم بېرىش، ئۇلارنى ئاسراش، يېتەكلەشنى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز دەپ بىلىشى، ئۇلارغا كەسپىي يۆنىلىش ۋە بىلىم ئاشۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش، ياردەم بېرىش بىلەنلا قالماي، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىزم توغرىسىدا ۋە ئىلىم-پەن ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتاش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئۇلارنى يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىلىش يولىغا ساغلام قەدەملەر بىلەن مېڭىشقىمۇ يېتەكلىشى لازىم. ياش پەن-تېخنىكا خادىملىرى پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى پېشقەدەم خادىملاردىن ئەستايىدىللىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، غايە، ئېتىقاد، ئۆگىنىش ئىستىلى، تەربىيىلىنىش ۋە تۆھپىكارلىق روھى جەھەتلەردە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تېخىمۇ تېز، ئەترابلىق يېتىلىپ، ئالدىنقىلاردىنمۇ ئەلا نەتىجە يارىتىشقا تىرىشىپ، پەن، مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئىشىنىمىزكى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقى ھەم قوللىشى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئەسىر ھالىيدىغان ئۇلۇغۋار پەن-تېخنىكا قوشۇنىنى بەرپا قىلىش ۋەزىپىسىنى چوقۇم غەلىبىلىك ئورۇندىيالايمىز.

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش ۋە مىللىي ئىگىلىكنى قوغداش ھەققىدە

ۋاڭ لىنشېڭ، پېي چاڭخۇڭ

زامانىمىزدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا دۇچ كەلگەن بىر مەسىلە ھەم چەت ئەل مەبلىغىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ھەم ئۆز دۆلىتىنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنى قوغداش. 1992-يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىز قوبۇل قىلغان چەت ئەل مەبلىغىنىڭ مىقدارى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرماقتا، چەت ئەل سودىگەرلىرى سالغان مەبلەغنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى نىسبىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش كۆچلۈك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى.

## دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئىگىلىكنى قوغداشتىكى ئاساسىي پرىنسىپلىرى

بىز قوغداشنى بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ سۆزلەۋاتقىنىمىز يوق، شۇڭلاشقا دۇنيادىكى كاپىتالنىڭ ئېقىش ئەھۋالى ھەم ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. دۇنيادىكى كاپىتالنىڭ ئېقىشىنى ئالدىغان بولساق، ھازىر خەلقئارادا بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىشنىڭ تەرەققىياتىدا مۇنداق ئۈچ ئاساسىي ئالاھىدىلىك ۋە يۈزلىنىش پەيدا بولدى: بىرىنچى، سىرتقا بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش بىر دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ھەتتا پۈتۈن يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدا بارغانسېرى مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. 60-يىللاردىن بۇيان، دۇنيا بويىچە سىرتقا بىۋاسىتە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئېشىشى خەلقئارا سودىنىڭ ئېشىشىدىن تېز بولدى، خەلقئارا سودىنىڭ ئېشىشى بولسا دۆلەت ئىچىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىشىدىن تېز بولدى. «1995-يىللىق خەلقئارا مەبلەغ سېلىش

www.uyghurkitap.com

ئەھۋالدىن دوكلات»قا ئاساسلانغاندا، 1986—1990-يىللاردا، دۇنيا بويىچە سىرتقا بىۋاسىتە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ساقلىنىش مىقدارى 19.8% ئاشقان، پۈتۈن دۇنيا بويىچە دۆلەت ئىچىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە سىرتقا چىقىرىلغان تاۋار، ئەمگەك كۈچى بولسا ئايرىم-ئايرىم ھالدا پەقەت 10.6% ۋە 14.3% ئاشقان؛ 1991—1993-يىللاردا، سىرتقا بىۋاسىتە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ساقلىنىش مىقدارى 7.2% ئاشقان، دۇنيا بويىچە دۆلەت ئىچىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە سىرتقا چىقىرىلغان تاۋار، ئەمگەك كۈچى بولسا ئايرىم-ئايرىم ھالدا پەقەتلا 3.3% ۋە 3.5% ئاشقان.

ئىككىنچى، سىرتقا بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىكىنىڭ ئېشىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى، ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنى مۇسابىقىگە دۇچار قىلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، يېڭى پەن-تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، كەسىپلەر ئىچىدىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىياتى ھازىرقى زامان خەلقئارا ئىش تەقسىماتى قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ قېلىپ، خەلقئارادىكى ئامىللارنىڭ يۈرۈشۈشىنى ۋە دۇنيادىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە بىر تەرىپى نامايان بولدى. بىراق، بۇ جەريان ئاساسلىقى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، دۆلەت ھالقىغان چوڭ شىركەتلەر سانائەت كاپىتالىنىڭ خەلقئارادا يۈرۈشۈشىنى ئاساسلىق ئۈستىگە ئالغۇچىلار بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ يەر شارى دائىرىسى ئىچىدە قايتا تەقسىملىنىشى بەزى بۇرمىلىنىش تۈسىنى ئالماي قالمىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتى بىلەن تامامەن بىردەك بولۇشى مۇمكىن بولمىدى.

ئۈچىنچى، خەلقئارا مەبلەغنىڭ ئەركىن يۈرۈشۈش يۈزلىنىشى كۈنسايىن روشەن بولماقتا. كاپىتال ئامىلىنىڭ يەر شارى بويىچە تەقسىملىنىشىدە، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئاساسلىق پايدا كۆرگۈچىلەردۇر، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، خەلقئارادىكى بىۋاسىتە سېلىنغان مەبلەغنىڭ 63—85 پىرسەنتچىسى OECD (ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى) دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئايلانغان، كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىگە بولغان مەبلەغ بايلىقى ناھايىتى ئاز بولدى، بۇ، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى. 80-يىللاردىن كېيىن، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر چەت ئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، تېخىمۇ ئېچىۋېتىش تەدبىرىنى ئارقا-ئارقىدىن قوللانغاچقا، ھەرقايسى دۆلەتلەر چەت ئەللەر بىۋاسىتە سالىدىغان مەبلەغنى قوبۇل قىلىش جەھەتتە بارغانسېرى ئۆتكۈرلە-

---

ئىزدىنىش (تاللانما)

شىۋاتقان رىقابەتكە دۇچ كەلمەكتە.

دۆلىتىمىزدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ خەلقئارادىكى ۋە دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشتەك ستراتېگىيىلىك ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يېڭىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت: چەت ئەل سودىگەرلىرى سالغان مەبلەغ ۋە باشقا چەت ئەل مەبلىغىدىن پائال تۈردە يۈرەكلىك پايدىلىنىش، چەت ئەل مەبلەغ ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تولۇقلىمىسى قىلىش كېرەك؛ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئۈنۈمى ئىككى ياقلىملىق بولىدۇ، ئەمما ئىجابىي تەرىپى ئاساسىي ئورۇندا، پاسسىپ تەرىپى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى تاپقىلى بولىدۇ؛ مەنپەئەت جەھەتتە، چەت ئەل سودىگەرلىرى گەرچە مەنپەئەت ئالىدىغان بولسىمۇ، بىراق بىز ئۆزىمىزمۇ پايدا ئالىمىز، ياخشى بىر تەرەپ قىلىنسا، مەنپەئەتنىڭ چوڭى دۆلەت ۋە خەلققە تېگىدۇ. مۇشۇ ئىدىيىگە ئاساسەن، دۆلىتىمىز پرىنسىپ جەھەتتە سودا بىلەن مەبلەغ سېلىشنى ئەركىنلەشتۈرۈشنى قوللايدۇ. يولداش جياڭ زېمىننىڭ 1994-يىلى 11-ئايدا ھىندونېزىيىدە «ماۋۋۇ ختابنامىسى»غا ئىمزا قويغانلىقى دۆلىتىمىزنىڭ ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونىدا سودا بىلەن مەبلەغ سېلىشنى ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرتىپلىك ھالدا ئىلگىرى سۈرۈشنى قوللايدىغان ئاساسىي مەيدانى ۋە قائىدىسىنى ئىپادىلىدى.

بىزنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىمىز: ھەم چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلىغىنى پائال تۈردە يۈرەكلىك بىلەن قوبۇل قىلىش؛ ھەم مىللىي ئىگىلىكنى ئۈنۈملۈك، مۇۋاپىق ھالدا قوغداش. 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنى ماقۇللىغان «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى»دا: "سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە خەلقئارا ئىقتىسادتا ئورتاق بولغان قائىدىگە لايىقلىشىپ، بىرلىككە كەلگەن، ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەتلىشىدىغان تاشقى ئىقتىساد تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىپ، تاشقى سودا ۋە تاشقى ئىقتىساد-تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ھەم ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش لازىم" دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ سۆزدە دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش (ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ باشقا تەدبىرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن مىللىي ئىگىلىكنى قوغداشنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئاساسىي پرىنسىپلىرى كۆرسىتىلگەن، بۇ پرىنسىپلار:

بىرىنچى، مىللىي ئىگىلىكنى قوغداش ئىشى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لايىقلىششى لازىم. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، مىللىي ئىگىلىكنى قوغداش سىياسىتى ۋە تەدبىرى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورگانىك قىسمىغا ئايلىنىشى لازىمكى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئۆزگىرىشىنىڭ ئومۇمىي نىشانىنىڭ سىرتىدا قالماسلىقى لازىم.

ئىككىنچى، مىللىي ئىگىلىكنى قوغداش ئىشى خەلقئارا ئىقتىسادتا ئورتاق بولغان قائىدىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. خەلقئارا ئىقتىسادتا ئورتاق بولغان قائىدە چەكلەش خاراكتېرلىك قائىدە، تەتبىقلاشقا لايىق كېلىدىغان قائىدە ھەم ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇلىدىغان قائىدىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ 1995-يىلى ئاپتوموبىل سودىسىدىكى ماجىرانىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ۋە سودا باش كېلىشىمى توغرىسىدىكى ئۇرۇگۋاي سۆھبىتى ئاياغلاشقان چاغدا، ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەر تۈزگەن ھۆججەت كېلىشىمى بىزنى خەلقئارا سودا ۋە مەبلەغ سېلىش قاتارلىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ئالاقىدار بولغان ئاساسىي قائىدىلەر بىلەن تەمىنلىدى؛ ئۇ بىزنىڭ سودا بىلەن مەبلەغ سېلىش جەھەتتە ئىچكى-تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىمىزدىكى مۇھىم ئاساسىتۇر.

## مىللىي ئىگىلىكنى قوغداشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

مىللىي ئىگىلىكنى قوغداشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى:

(1) دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇستەقىللىكىنى ساقلاش ھوقۇقىنى قوغداش. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ھەر خىل شەكىلدىكى خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق جەريانىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي مۇستەقىللىكىنى تەلەپ قىلدى، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى خەلقئارا مونوپول كاپىتالنىڭ كونترول قىلىۋېلىشىغا يول قويمىدى، بۇ بىر خىل توغرا تەلەپ. ئىقتىسادىي مۇستەقىللىك بولغاندىلا، سىياسىي مۇستەقىللىككە كاپالەتلىك قىلغىلى، دۆلەتلەرنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى، تاشقى ئالاقىدىكى تارىخىي ئەنئەنىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي مۇستەقىللىكنىڭ كونكرېت شەكلىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پەرقلىق بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاساسىي يۆزلىنىشى ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

دۆلىتىمىزنىڭ رېئال ئالاھىدە ئەھۋالىدا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇستەقىللىكىنى قوغداش ئىككى قاتلام

مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرى يەنى ماكرو ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم سانائەت تارماقلىرى، مۇلازىمەت كەسپى تارماقلىرىدا مىللىي كارخانىلار، بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىشى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار ياردەمچىلىك ۋە بېقىندىلىق ئورۇندىلا تۇرۇشى لازىم، بۇ نۇقتىنى كىشىلەر ئوڭاي چۈشىنىدۇ. ھەرقانداق بىر دۆلەتتە، جۈملىدىن ئامېرىكىدىمۇ چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ كىرىشى مەنئىي قىلىنىدىغان ياكى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىنىدىغان ساھە ۋە تارماقلار بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مىللىي ئىگىلىكنىڭ تېگىشلىك ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، مەبلەغنىڭ پايدا نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ياكى كاپىتال جۇغلىنىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان تارماقلاردا، مىللىي كارخانىلارنىڭ ئادىل رىقابەت ئارقىلىق تېگىشلىك ئۈلۈشنى ئىگىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىنىشى لازىم. بەزى كەسپلەر گەرچە مۇھىم ئىقتىسادىي تارماقلاردىن بولمىسىمۇ، بىراق مەبلەغنىڭ پايدا نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، مىللىي كاپىتالنىڭ جۇغلىنىشىنى كېڭەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، بۇنداق كەسپلەردىمۇ مىللىي كارخانىلار پائال تۈردە تېگىشلىك ئۈلۈشنى ئىگىلىشى لازىم.

(2) ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئادىل رىقابەتلىشىش ھوقۇقىنى قوغداش. بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇسۇلىدا ئىككى جەھەتتە مەسىلە ساقلانماقتا؛ بىر جەھەتتىن، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا پۇقرالار مۇئامىلىسى قىلىش جەھەتتە يېتەرسىزلىك بولۇش مەسىلىسى بار، مەسىلەن بەزى مۇلازىمەت ھەققى ئېلىش، دۆلەت ئىچىدىكى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، كىرىدىت مۇلازىمىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇئامىلە دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي كارخانىلارغا بولغان مۇئامىلىدىن تۆۋەن؛ يەنە بىر جەھەتتىن، پۇقرالار مۇئامىلىسىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ھەددىدىن زىيادە ئېتىبار بېرىش مەسىلىسىمۇ بار، مەسىلەن باج ئېلىش، ئىمپورت-ئېكسپورت ھوقۇقى، ئەمگەك-ئىش ھەققى سىياسىتى قاتارلىق جەھەتلەر-دە دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي كارخانىلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىلمەكتە. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ھازىر دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي كارخانىلار ئاساسىي جەھەتتىن بازار مۇھىتىغا يۈزلىنىپ تۇرماقتا. بۇنداق ئەھۋالدا، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمان بولىدىغان بولسا، ئادىل بولمىغان رىقابەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇر-لىشىشىغا ئەگىشىپ، بىز بىر تەرەپتىن چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا پۇقرالار

مۇئامىلىسى قىلىشنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن پۇقرالار مۇئامىلىسىدىن ئېشىپ چۈشكەن ھەددىدىن ئارتۇق ئېتىبار بېرىشلەرنىمۇ ئازلىتىشىمىز، ئاخىردا ئۇنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئادىل رىقابەت قىلىشىنى قوغداش جەھەتتە، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىنى خەلقئارا ئىقتىسادتا ئورتاق بولغان قائىدىلەر بىلەن ماسلاشتۇرۇپ بىردەك قىلىش، ھەمدە ئۇنى ئوچۇقلۇققا ۋە ئاشكارىلىققا ئىگە قىلىش لازىم. بىراق بەزى ئەل ئىچىدىكى كەسىپلەرنىڭ ئادەت ئۇسۇللىرى خەلقئارادا قېلىپلاشتۇرۇلغان مۇناسىۋەتلىك ماددىلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. بىز بۇ جەھەتتىكى خەلقئارالىق تەجرىبىلەرنى ئەينەك قىلىپ، دۆلىتىمىزدە ئۇزاقتىن بۇيان قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بەزى ئۇسۇل ۋە ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتلەرنى مىللىي كارخانىلارغا بولغان زەربىنى پەسەيتىدىغان دالدا قىلىپ شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم.

(3) ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش. دۇنيادا ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان نۇرغۇن تەشەببۇسلار ۋە تەشكىلاتلار بار بولۇپ، بىر دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، خەلقئارا ئىقتىسادىي قائىدە-يوسۇنلارغىمۇ روشەن تەسىر كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، يېشىللىقنى قوغدىغۇچىلار قاتارلىقلار. بىز مۇشۇنداق قورالدىن پايدىلىنىپ ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك خاراكتېرىنى ۋە ئۇزۇن تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى نامايان قىلىدىغان ئىستېمال ئادەتلىرىمۇ دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ ئىستېمالچىلار ھوقۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، پۇقرالارنىڭ ئىستېمال ئادەتلىرىنى قاندۇرۇش توغرىسىدىكى ئۆلچەم ۋە تەلەپلەرنى تۈزۈش ئارقىلىقمۇ مىللىي كارخانىلارنى قوغداش مەقسىتىگە يېتىشىمىز مۇمكىن.

(4) ئادىل، قانۇنلۇق بولغان پۇقرالىق ھوقۇقىنى قوغداش. مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىدىن سىرت، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش يەنە ھەر جەھەتتىن پۇقرالار مەنپەئىتىنىمۇ كەلتۈرىدۇ، مەسىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، مائاش ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى، تېخنىكىلارنىڭ ئۆتۈنۈپ بېرىلىشى، دۆلەتنىڭ باج ئېلىشى قاتارلىقلار. بۇ پۇقرالار مەنپەئىتىمۇ چەت ئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلغان ساھىبخان دۆلەتنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىدۇر، بۇنى مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاردا مۇمكىنقەدەر مۇۋاپىق نامايان قىلىش ھەم ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىش كېرەك، شۇنى كۆرۈش كېرەككى، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن سودا قىلغاندا، بىز تەرەپتىن خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بەزى ئادەملەر ياكى نەزەر

دائىرىسى تار بولۇپ، ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتكەنلىكىدىن، ياكى ئۆز پايدىسىنى دەپ ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن، كېلىشىم تۈزگەن چاغدا باراۋەرلىك، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىپ، پۇقرالار مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلار بولىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر يۈرۈش ئالدىنى ئېلىش، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈپ تۈزۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، پۇقرالىق ھوقۇقىنى بىز تەرەپتىن ئىش بېجىرگۈچى خادىملار يوقىتىپ قويىدىغان ھەتتا ساتىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن شېرىكلىشىپ كارخانا باشقۇرۇش كارخانىنىڭ چوڭ ئىشى، «كارخانا قانۇنى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە، كېلىشىمدىكى ئاساسىي شەرتلەرنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇھاكىمىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ ئۇچۇقلۇق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ نازارەت قىلىش، ئاممىنىڭ نازارەت قىلىش ۋە ئاخباراتچىلارنىڭ نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ ۋە باشقا پۇقرالىق ھوقۇقلارنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ۋە زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

## مىللىي ئىگىلىكنى قوغداشنىڭ بىرقانچە چارە-تەدبىرلىرى

**بازار رىقابەت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش.** چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشى جەھەتتە، دۆلىتىمىز كىرىشنى تەستىقلاش، كارخانا تەسىس قىلىش ۋە باشقۇرۇش، كارخانا تىجارىتى ۋە مەنپەئەت تەقسىماتى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن قانۇن ۋە قانۇنىي بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بازار رىقابەت تەرتىپىگە ئائىت قانۇنىي بەلگىلىمىلەر مۇكەممەل ئەمەس. كەسىپ تەشكىلىي نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، ھەرقايسى كەسىپنىڭ ئۆزىگە ”مۇۋاپىق“ بازار قۇرۇلمىسى بولىدۇ. ”مۇۋاپىق“ دېگەنلىك ھەم ھەددىدىن زىيادە رىقابەتتىن ساقلانغىلى بولۇشنى، ھەم مونوپولىيە ئاساسىدىكى كونتروللۇقتىن ساقلانغىلى بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ھازىرقى «ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى «مونوپولىيىگە قارشى تۇرۇش قانۇنى»نىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. ”مونوپولىيىگە قارشى تۇرۇش“ ئوبيېكتى ”تەبىئىي مونوپولىيە“گە تەۋە كەسىپلەر بىلەن دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ”دۆلەت مونوپولىيىسى“گە تەۋە كەسىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. كۆپ قىسىم غەرب دۆلەتلىرىدە «مونوپولىيىگە قارشى تۇرۇش قانۇنى» بولۇپ، ئۇ كەسىپ دائىرىسىدىكى مۇۋاپىق رىقابەتنى ساقلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىر قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كاپىتال ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، بەزى ساھەلەردە مونوپولىيە ھاسىل قىلىشىدىن ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئىدارە قىلىش ئورنىدىن ئورۇنسىز پايدىلىنىپ، باھا ۋە بازارنى كونترول قىلىپ، مىللىي كارخانىلىرىمىزنى قەستەن سىقىپ چىقىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دۆلىتىمىزمۇ دەرھال «مونوپولىيىگە قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى تۈزۈپ چىقىپ ئېلان قىلىشى كېرەك. چەت ئەللەرنىڭ مونوپولىيىگە قارشى چارە-تەدبىرلىرى ئادەتتە بازارنى ئىگىلەش نىسبىتىنى ئاساس قىلىدۇ، مەسىلەن ئامېرىكا پارلامېنتى 70-يىللاردا ماقۇللىغان كەسپىنى تەڭشەش نىزامىدا بەلگىلىنىشىچە، پەقەت تۆت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز چوڭ كارخانا بازاردىكى سېتىلىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قىسمىنى ئىگەللىسە، ئۇنداق بازار مونوپول خاراكتېرلىك بازار دەپ قارىلىدىكەن، بۇنداق بازارنىڭ قۇرۇلمىسى چوقۇم قايتىدىن تەڭشىلىشى لازىم ئىكەن. «مونوپولىيىگە قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى تۈزۈشتە، بازارغا تەبىر بېرىش ئىنتايىن مۇھىم، «مونوپولىيىگە قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى تۈزۈشتىن ئاۋۋال دۆلىتىمىزنىڭ بازار قۇرۇلمىسى ۋە بازار تۈرلىرى ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

«ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى» بولسا، بازار تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ قانۇنىي ئاساسى بولۇپ، ئۇنى يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەھسۇلات بازىرى، ئامىللار بازىرى، شەكىلسىز مال-مۈلۈك بازىرى، ئىقتىساسلىقلار بازىرى سودىلىرىدا مەيدانغا چىققان يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ تولۇقلىشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. نۆۋەتتە گەۋدىلىك بولغىنى مەھسۇلات بازىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش جەريانىدا تۆكمە قىلىپ سېتىشقا قارشى تۇرۇش چارە-تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ چىقىشتۇر. تۆكمە قىلىپ سېتىشقا قارشى تۇرۇش چارە-تەدبىرلىرى ئادەتتە مەھسۇلاتنىڭ تەننەرخ باھاسىنى ئاساس قىلىدۇ، ئومۇمەن ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىدىن تۆۋەن باھادا سېتىلىدىغان مەھسۇلات باھالىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىشقا قارشى تەكشۈرۈش قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان بىر قىسىم كارخانىلار بىر تەرەپتىن باجدىن قېچىش ئۈچۈن زىيان تارتقانلىق ھەققىدە يالغان ھېسابات ياساپ چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەھسۇلاتلارنى بىر قەدەر ئەرزان باھادا ساتماقتا، بۇنداق غەيرىي نورمال ھادىسىلەرگە نىسبەتەن تۆكمە قىلىپ سېتىشقا قارشى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ياكى باج ئوغرىلاش ۋە باج تاپشۇرماسلىق ئىشلىرىنى ياكى تۆكمە قىلىپ سېتىش ھەرىكىتىنى تۈزىتىش كېرەك. ئامىللار بازىرى ۋە شەكىلسىز مال-مۈلۈك بازىرى سودىسىدا سودىنىڭ ئوچۇقلۇق دەرىجىسىنى ئۈستۈرۈش، خېرىدار چاقىرىش ئۇسۇلىنى

كۆپرەك قوللىنىپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئىقتىساسلىقلار بازىرى سودىسىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ تۈزۈمى ئاساسەن يەنىلا خەلق پاراۋانلىق تۈزۈمى بولۇپ، شەخسلەرنىڭ پۇل تۆلىشى يەنىلا ئىنتايىن ئاز بولۇشتەك ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرقانچە چارە-تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئوخشاش بولمىغان كارخانىلارنى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىغا ئىگە بولۇش رىقابىتىدە ئاساسەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا نىسبەتەن ناتوغرا رىقابەت ئېلىپ باردى دەپ چارە كۆرۈش كېرەك.

**مىللىي كارخانىلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ رىقابەتلىشىش كۈچىنى ئۆستۈرۈش.** دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەقسىتى مىللىي ئىگىلىكنىڭ جۇشقۇنلۇقى ۋە ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت، مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات بىر خىل ئەڭ ئاساسلىق قوغداشتۇر. لېكىن، ئىسلاھاتنىڭ ئېچۇۋېتىشكە نىسبەتەن ئۆزگىرىش جەريانى بىر قەدەر ئاستا ۋە ئەگرى-توقاي، ئىقتىسادقا تەسىر كۆرسىتىشى ۋە نەتىجە بېرىشىمۇ نىسبەتەن كېيىنرەك بولغاچقا، مىللىي ئىگىلىكنى قوغداشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش يەنىلا زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن كارخانىلار بىرلىشىپ ئۆز-ئۆزىنى قوغدىسا بولىدۇ. ئۇنىڭ چارىلىرى: بىرىنچى، ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلار ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى رىشتە قىلىپ بىرلىشىپ، چەت ئەل چوڭ كاپىتاللىرى بىلەن رىقابەتلىشىپ، مىللىي كارخانىلارنىڭ بازاردا بەلگىلىك ئۈلۈشىنى ئىگەللىشىگە كاپالەتلىك قىلىش. ئىككىنچى، مىللىي كارخانىلار ئارىسىدىكى بەزى ئادەت ۋە سودا-سېتىق ئۇسۇللىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئەل ئارىسىدىكى ئۆز-ئۆزىنى قوغداش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش. ئۈچىنچى، سانائەت كەسپىي جەمئىيەتلىرى ئىجتىمائىي ۋاستىچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسىپ ئىچىدىكى جامائەت مەنپەئەتىنى تەڭشەش، ئۆز كەسپى ئىچىدىكى مىللىي كارخانىلارنىڭ جۇڭگو-چەت ئەل شېرىكچىلىكىگە قاتنىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ تۈزگەن توختاملىرى ئۈستىدە تەكلىپ ۋە پىكىر بېرىش.

كەسپنى يېڭىباشتىن تەشكىللەش كارخانىلارنىڭ رىقابەت مۇھىتىغا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالسا بىزنىڭ بىر بۆلەك بازىرىمىزنى ئىگەللەپ كېتىدۇ، بۇ بىزگە مەلۇم ئىش، شۇنداقلا مۇقەررەر تۆلىنىدىغان بەدەلدۇر. تەكشىلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەلۇم مەھسۇلاتنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى چەكلىك بولىدۇ، لېكىن سىترېئولۇق نۇقتىدىن قارىغاندا، بەزى مەھسۇلاتلاردىكى ئىجتىمائىي ئىش ئايرىش ھەمكارلىقى بازارنى چەكسىز ئىنچىكە ئايرىۋېتىدۇ. بىر قىسىم مىللىي كارخانىلارنى كەسىپ بويىچە ئىش تەقسىماتىنى ئىنچىكىلەش نۇقتىسىدىن ئۆز بازىرىنى

ئېچىشقا، ”بازارنى ئېچىمۇ چوڭ بازارغا ئالماشتۇرۇش“ كۆزقارىشىنى تىكلەشكە يېتەكلىشىمىز لازىم.

ئەلۋەتتە، دۆلەتنىڭ مىللىي كارخانىلارغا نىسبەتەن بەزى كەم بولسا بولمايدىغان يۆلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشىمۇ زۆرۈر. مەسىلەن بەزى يېڭى ئېچىلىۋاتقان تارماقلىرىنىڭ دەسلەپتە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىدارە قىلىش ئورنىنى ئىگەللىۋېلىش ئەھۋالىدىن ساقلىنىشى تەس بولىدۇ، دۆلەت مەبلەغ سېلىش، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېتىۋېلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە شۇ تارماق ئىچىدىكى مىللىي كارخانىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى قوللىسا بولىدۇ، بۇ، خەلقئارا قائىدىگە خىلاپ كەلمەيدۇ.

**چېگرىدىن سىرت مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بەلگىلەش ۋە شەكىللەندۈرۈش.** دۆلىتىمىز چەت ئەل مەبلىغى تۈرلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەن ۋە ئۇنى تەستىقلىغان چاغدا ئىجتىمائىي تەننەرخ بىلەن ئىجتىمائىي تاپاۋەت باراۋەر بولۇش نۇقتىئىنەزىرىنى قەدەممۇقەدەم تىكلىشى لازىم. بىر قىسىم چەت ئەل مەبلىغى تۈرلىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى مۇھىتنى قوغداش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭ-لۇق مەسىلىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بەزىلىرى مۇناسىۋەتلىك كارخانا، كەسىپلەرنىڭ ئىچكى قىسىمدا ئامىللارنىڭ يېڭىباشتىن تەڭشىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلە تەڭشىگەندىن كېيىن ئېشىپ قالغان ئادەم كۈچى بايلىقى بىكار قېلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت، شۇڭا 1994-يىلى ب د ت دۆلەت ھالقىغان شىركەت بىلەن مەبلەغ سېلىش مەھكىمىسىنىڭ دوكلاتىدا: ساھىبخان دۆلەتنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىش، جۈملىدىن قايتا تەربىيىلەش پىلانى ۋە ئىشتىن بوشىتىلغان شەخسلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش قاتارلىقلار دۆلەت ھالقىغان شىركەتنىڭ ”ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى“ دەپ كۆرسىتىلدى، بۇنى ”ئىجتىمائىي تەننەرخ“نى تەڭ كۆتۈرۈشتىكى بىر تۈرلۈك كونكرېت تەدبىر دەپ قارىغىلى بولىدۇ.

بۇ خىل ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بەلگىلەش ۋە شەكىللەندۈرۈش ئىشىنى ئىككى تەرەپتىن باشلاشقا بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ”يېشىللىقنى قوغداش“نى يولغا قويۇش، ئىشنى ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتىن باشلاپ، مۇناسىۋەتلىك مۇھىتنى قوغداش ئۆلچىمى، تېخنىكا ئۆلچىمى، سەھىيىگە ئائىت كارانتىن قىلىش ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى بەلگىلەش، بۇنداق قىلغاندا، ھەم چېگرىدىن سىرت مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ بىر قىسىم مۇھىتنى بۇلغايدىغان ۋە تازىلىق ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى مەملىكىتىمىزگە يۆتكەپ كېلىشىنى توسۇغىلى، ھەم چېگرىدىن سىرت مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ كىرىش

تەننەرخىنى مۇناسىپ ئۆستۈرۈپ،، تۆۋەن تەننەرخنىڭ مىللىي كارخانىلارغا بولغان زەربىسىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. خەلقئارا قائىدە بويىچە بۇ ئۆلچەملەرنى تۈزۈشكە يول قويۇلىدۇ، لېكىن جۇڭگو بىلەن چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىغا بىردەك مۇئامىلە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، كەمستىش خاراكتېرلىك بەلگىلىمىلەرنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. شۇڭا بۇ تەدبىرلەرنى قوللانغان ۋاقىتتا، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي كارخانىلارغا قويۇلغان تەلەپنىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىككىنچىدىن، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىش، يەنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئارقىلىق دۆلەت ھالقىغان شىركەت بىلەن "كوللېكتىپ سۆھبەت" ئېلىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق چەت ئەل مەبلەغى تۈرلىرىنى يولغا قويۇش جەريانىدا كېلىپ چىققان ئارتۇقچە خادىملارنىڭ كەسىپ ئۆزگەرتىش تەربىيىسى مەسىلىسى ۋە ھاياتىنى قامداش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، بۇ خىل تەدبىرنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشنى ئويلىشىپ بېقىشىمىز كېرەك.

**ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش.** ئالدى بىلەن، مەبلەغنىڭ كىرىشىنى تەستىقلاش ھالقىسىدا ھۆكۈمەت چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىپ كارخانا قۇرۇش تۈرلىرىنى تەستىقلاش ئۇستىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، يەنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ھەر تۈرلۈك قوغداش ئېكىغا ئىگە بولۇشى، قانۇنغا جەزمەن رىئايە قىلىشى، قائىدە-تۈزۈملەرگە چوقۇم ئەمەل قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى يەنە چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا بولغان مۇلازىمەت ۋە يېتەكچىلىك ئىشلىرىنى كۈچەيتىشى كېرەك. 1995-يىلى دۆلىتىمىز كۆرسەتكۈچ سۈپىتىدە چەت ئەل سودىگەرلىرىنى مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىدىغان كەسىپلەر كاتالوگىنى ئېلان قىلغانىدى، لېكىن ئۇنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، يەنە بىر قىسىم يۇرۇشلەشتۈرۈش تەدبىرلىرى بولۇشى كېرەك. نۆۋەتتە بەزى كەسىپلەردە ساقلىنىۋاتقان قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىش، تەكرار قۇرۇلۇش، تېخنىكىلىق ئۆلچەم بىردەك بولماسلىق، جۇڭگو تەرەپتىن پايدىنى زىيادە كۆپ ئۆتۈنۈپ بېرىش، شەكىلسىز مال-مۈلۈك يوقاپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەر دەل بىرلىككە كەلگەن، قېلىپلاشقان مەبلەغ سېلىش بازىرىنىڭ بولمىغانلىقىدىن بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىستېمىلار بىلەن رايونلارنىڭ ئايرىۋېتىلىشى بۇ جەھەتتىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تولۇقسىز رىقابەت يولغا قويۇلىدىغان ۋە مەبلەغنىڭ كىرىشىگە چەك قويۇلىدىغان كەسىپلەردە مەملىكەتلىك چەت ئەل سودىگەر-لىرى مەبلەغ سېلىش بازىرى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تەسىس قىلىشنى، ھەمدە ئۇنى مەملىكەتتىكى ئۆلكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەركىزى دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش بازىرى مۇلازىمەت مەركەزلىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئۇچۇر تورىنى ھاسىل قىلىشنى ئويلىشىپ بېقىشقا بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا، مۇناسىۋەتلىك تۈرلەرنىڭ ئۇچۇرلىرى بىردەك شۇ مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ ھېسابلاش ماشىنىسى ئارخىپىغا كىرگۈزۈلىدۇ، شۇ مۇلازىمەت مەركىزى بىر يۈرۈش قېلىپلاشتۇرۇلغان مەبلەغ سېلىش سودىسى قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، مەبلەغ سېلىش سودىسىنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا مۇتەخەسسىسلەردىن ۋە كەسىپنىڭ ئاساسىي باشقۇرغۇچى تارماقلىرىدىن پىكىر ئېلىنىدۇ، مەبلەغ سېلىش سودىسى توغرىسىدا تۈزۈپ چىقىلغان توختام مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇشۇنداق مەبلەغ سېلىش توختىمى بولغاندىلا، ئاندىن سودا-سانائەت باشقۇرۇش تارماقلىرى تىزىمغا ئېلىپ روخسەت بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىچكى باشقۇرۇش ۋە بازارنى ئېگىلەش ھالقىسىدىمۇ، ھۆكۈمەت تارماقلىرى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشى، بولۇپمۇ ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئاساسىي باشقۇرغۇچى تارماقلىرىنى قانۇننى ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈش ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش داۋامىدا، مەملىكىتىمىز ئاز بولمىغان ئىقتىسادىي قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى، لېكىن بەزى قانۇن-نىزاملارنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشى ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭ مۇھىم سەۋەبى قانۇننى ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈش يېتەرلىك بولماسلىق، توغرا بولغان قايتما ئۇچۇرغا ئىگە بولالماسلىقتىن ئىبارەت. ھۆكۈمەتنىڭ كەسىپنى ئاساسىي باشقۇرغۇچى تارماقلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قارىتا تەكشۈرۈش ۋە ئەيىبلەش مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇقى بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار بۇ ۋەزىپىنى مەردانىلىك بىلەن ئادا قىلىشى كېرەك.

**(ئاپتۇر ۋاڭ لىنشېڭ سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بېيجىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى؛ پېي چاڭخۇڭ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مالىيە-سودا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: كامىل تۇرسۇن، ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ئالدى بىلەن كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلايلى

**چى يۈي**

8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنى مەزگىلىدە يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق تەكىتلەپ كۆرسەتتىكى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، بىز باشتىن ئاخىر مۇنداق بىر مۇھىم پرىنسىپنى، يەنى ئىقتىسادىي مەنپەئەت تەقسىماتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئالدى بىلەن كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشىگە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە، ئۇلارنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا قويۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. بۇ، يۈكسەك سىياسىي پرىنسىپاللىققا ئىگە بولغان يېتەكچى ئىدىيىدىن ئىبارەت. بىز چوقۇم بۇ مۇھىم روھنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈشىمىز ھەمدە ھەقىقىي ئۈنۈملۈك چارىلەر بىلەن ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

ئالدى بىلەن كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش — تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ بىر تۈپ نۇقتىئىنەزىرىدۇر. جەمئىيەتنىڭ بايلىقى ئېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ جەۋھىرى، ئۇلار تارىخنىڭ ياراتقۇچىلىرى. ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا، ئۇلار جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، باتۇرلارچە كۈرەش قىلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئۇلار ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى تەڭشەش داۋامىدا، ئۇلار گەرچە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش

www.uyghurkitap.com

قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەلۇم جەھەتلەردە قۇربان بېرىشىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار باشتىن ئاخىر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشىنى مۇھىم دەپ بىلىپ، زارلانماي، غۇدۇرىماي، باش چۆكۈرۈپ تۆھپە قوشتى. ئۇلار ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئاساسلىق مەنپەئەت ئالغۇچى بولۇشقا ھەقلىق.

. ئالدى بىلەن كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتىگە ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي مەيدان مەسىلىسى ھېسابلىنىدۇ. بىز كوممۇنىست بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىشىمىز كېرەككى، ھەرگىزمۇ ھالال ئەمگەككە ۋە قانۇنىي تىجارەتكە تايانماي بېردىنلا بېيىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باش قاتۇرماسلىقىمىز كېرەك. بىز سىياسەتنى تەكىتلەيمىز دەيدىكەنمىز، مۇشۇ سىياسىي مەيدان مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشىمىز لازىم. توغرا سىياسىي مەيدان بولغاندىلا، ئاندىن توغرا سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي نۇقتىئىنەزەر، قاتتىق سىياسىي ئىنتىزام، ناھايىتى يۇقىرى بولغان سىياسىي پەرق ئېتىش كۈچى ۋە ناھايىتى كۈچلۈك بولغان سىياسىي سەزگۈرلۈك بولىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”سىياسەت دېگەن نېمە؟ تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، سىياسەت مەسىلىسى خەلق ئاممىسىغا بولغان پوزىتسىيە مەسىلىسى، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت.“

ئالدى بىلەن كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتىگە ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىش پارتىيىمىزنىڭ روشەن سىنىپىي خاراكتېرى ۋە كەڭ ئاممىۋى ئاساسىنى ساقلاشنىڭمۇ ئاچقۇچى. پارتىيىمىز جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەت باغلاش پارتىيىمىزنىڭ باشقا ھەرقانداق پارتىيىلەردىن پەرقلىنىدىغان روشەن بەلگىلىرىنىڭ بىرى. بىز بارلىق سۆز-ھەرىكەتلىرىمىزنى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ زور مەنپەئەتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى، ئەڭ كەڭ ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتۈرۈشنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم قىلىشىمىز لازىم. بۇ، پارتىيىمىز كۈچ-قۇدرىتىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس مەنبەسىدۇر. گرېك ئەپسانىلىرىدىكى قەھرىمان ئانتەينى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ كۈچ مەنبەسى ئۇنى ئاپىرىدە قىلغان ۋە بېقىپ ئۆستۈرگەن ئانىسى—زېمىندۇر، ئۇ يەر يۈزىسىدىن ئايرىلىش بىلەنلا، ھاۋا بوشلۇقىدا دۈشمەن تەرىپىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. پارتىيىمىز ئەگەر

ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان سىنىپ ۋە ئاممىدىن ئايرىلسا، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار كۈچىنى يوقىتىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «غەربچىلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش»لىرى ئالدىدا ھەتتا بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ. بەزى دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەر بىز ئۈچۈن ساۋاقتۇر، مانا بۇلار بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئالدى بىلەن كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشتا قايسى ئاساسىي مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئەستايىدىل، توغرا، ھەر تەرەپلىمە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، تەقسىمات سىياسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى تەڭشەش ئارقىلىق، تەڭ تەقسىماتچىلىق ئاسارىتى بۇزۇپ تاشلىنىپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ئۇرغۇتۇلدى، بۇنىڭ بىلەن خەلق ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كىرىم سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى، تۇرمۇشىمۇ خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە گەۋدىلىك بىر مەسىلە شۇكى، قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم پەرقى چوڭ بولۇپ كەتتى، بولۇپمۇ ئاددىي ئىشچى، دېھقان، زىيالىيلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ، شەھەر-بازارلاردىكى ئىشسىز ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، دېھقانلارنىڭ يۈكى ھېلىھەم بىرقەدەر ئېغىر بولۇۋاتىدۇ، شەھەر-يېزىلاردا يەنىلا نەچچە يۈز مىليون نامرات ئاھالە بار. بۇنىڭغا بىز يېتەرلىك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك: بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇشىمىزدىن مەقسەت پۈتۈن خەلقنى ئورتاق بېيىشقا يېتەكلەش ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئالدىن بېيىغان بۇ بىر قىسىم كىشىلەر ئىچىدە ئالدى بىلەن جەمئىيەتكە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار بولۇشى كېرەك. بىز ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىنى تۇتىمىز؛ شۇنداق ئىكەن، يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويىدىغانلىقىمىز ۋە مەدەت بېرىدىغانلىقىمىز، يەككە ئەمگەكچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانا ئىگىلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغدايدىغانلىقىمىزدا شەك يوق. لېكىن، يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پەقەتلا سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى ئىكەنلىكىنى

ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. بىز يەككە ئەمگەكچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ھالال ئەمگەك ۋە قانۇنلۇق تىجارەت ئارقىلىق بېيىشىغا يول قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇسۇسىي كارخانا ئىگىلىرى ۋە يەككە ئەمگەكچىلەرنىڭ دارامىتىنى دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرى بويىچە زۆرۈر دەرىجىدە تەڭشىشىمىز، ئۇلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ كىرىمىدىن زىيادە يۇقىرى بولۇپ كېتىشىگە يول قويماسلىقىمىز لازىم. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن تەدبىر كۆرۈشكە، تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا يەنىلا بىزنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىزغا، بىزنىڭ دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئىقتىسادىي مەنپەئەت تەقسىماتىنى، تېگى-تەكتى-دىن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان مۇلۇكچىلىك بەلگىلەيدۇ. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش تۈزۈمى كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشىنىڭ تۈپ يولى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئاساسى بولسا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە. بىز ئاساسىي كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ زورايتىشىمىز، ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم، بۇ، ئالدى بىلەن كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاساسى. لېكىن، بۇ تۈپ مەسىلىدە، بەزى جايلار ۋە ئورۇنلاردىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ كاللىسى تازا دېگەندەك سەگەك بولمايۋاتىدۇ. بەزى رەھبىرىي كادىرلار ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قىزىقمايۋاتىدۇ، كۈچ چىقارمايۋاتىدۇ. بەزىلەر بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا ”ھەرقايسى تارماقلار يېشىل چىراغ يېقىپ، قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئادەتتىكى سۈرئەتتىن يۇقىرى سۈرئەتتە، سەكرەش تەرىقىسىدە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك، شەھىرىمىزدە تېخىمۇ كۆپ باي، كاتتا بايلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز“ دېگەندەك شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى؛ بەزىلەر دۆلەت كارخانىلىرىنى زور كۆلەمدە سېتىۋېتىشنى ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ ئوبدان تەدبىرى قىلىپ يولغا قويۇپ ياكى دۆلەت مۈلكى، كوللېكتىپ مۈلكىنى چىرايلىق نام بىلەن بۆلۈشۈۋېلىپ، نۇرغۇنلىغان ئادەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىشسىز قالدۇردى، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ئاساسىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى بىۋاستە زىيانغا ئۇچراتتى. بۇ ئەھۋاللار كىشىنى ئەندىشىگە سالماي قويمايدۇ. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك

كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ تۈپ، يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىنىڭ مەنبەسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاللىقاچانلا ئۇلارنىڭ ئەڭ رېئال، ئەڭ ھەقىقىي ياشاش، تەرەققىي قىلىش شارائىتى ۋە روھىي تۈۋرۈكى بولۇپ قالغانىدى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى تەۋرىتىپ قويغاندا، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي مەنپەئىتى تۈپ ئاساسىدىن نابۇت قىلىنغان بولىدۇ. بىز بۇ خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي توسۇشىمىز، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى قەتئىي قوغدىشىمىز ۋە كۈچەيتىشىمىز، ئالدى بىلەن كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشىمىز لازىم.

ھەق-ناھەقكە ھۆكۈم قىلىش، توغرا يولنى تۇتۇش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئىدىيە، كۆزقاراشلار ۋەكىللىك قىلغان مەنپەئەتنى تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولۇش لازىم. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، كېڭىيەشىگە، بازار مېخانىزمى رولىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، مەنپەئەت ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ كۆپ خىللىشىشقا يۈزلىنىشى بارغانسېرى روشەنلىشىپ بارماقتا، ئوخشىمىغان مەنپەئەت ئاساسىي گەۋدىلىرىنىڭ شەيئىلەرنى بىلىش پوزىتسىيىسى ۋە ھەق-ناھەقكە ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمىدە زور پەرق مەۋجۇت بولۇۋاتىدۇ. نۆۋەتتە جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن بەزى تەشەببۇسلار پەقەت ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتى ۋە مەيدانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بۇنى ئەستايىدىل پەرقلەندۈرۈش كېرەك. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر كىرىم پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى ھەر نۇقتىدىن دەلىللەپ، قانداقتۇر ”ئىگىلىكنىڭ كۆتۈرۈلۈش ياسقۇچىدا، كىرىم تەقسىماتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ“، ”ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش مۇقەررەر ھالدا كىرىم پەرقىنىڭ داۋاملىق چوڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ“ دېگەندەك گەپلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇنداق قاراشلار توغرىدەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە خاتا. بىز ”ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئادىل بولۇشقا تەڭ ئېتىبار بېرىش“ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىمىز، لېكىن بىز ئېيتىۋاتقان ئۈنۈم كەڭ ئەمگەكچىلەردە تولۇپ-تاشقان ئىشلەپچىقىرىش-ئەمگەك ئاكتىپلىقى بولۇش ئاساسىغا قويۇلغان ئۈنۈم بولىدۇ، ۋاھالەنكى بۇ خىل ئاكتىپلىقنى ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇردە ئۈنۈملۈك كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي قوزغىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلىنمىسا، ھەتتا ئۇلارنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرىسا، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قانداقمۇ قوزغىغىلى بولسۇن؟ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا قانداقمۇ يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولسۇن؟

www.uyghurkitap.com

يەنە مەسىلەن، بەزىلەر ”پۇل پاخاللىقىنىڭ زىيىنى يوق نەزەرىيىسى“نى تارقىتىپ، قانداقتۇر، ”دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، تۆۋەن كىرىم باسقۇچىدىكى پۇل پاخاللىقى نىسبىتى ئادەتتە 10 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولىدۇ، تۆۋەن كىرىمدىن تۆۋەن ئوتتۇرا كىرىمگىچە، تۆۋەن ئوتتۇرا كىرىمدىن يۇقىرى ئوتتۇرا كىرىمگىچە بولغان باسقۇچلار پۇل پاخاللىقى نىسبىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىش باسقۇچى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 60—80 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولىدۇ، يۇقىرى ئوتتۇرا كىرىم باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن پۇل پاخاللىقى نىسبىتى ئادىدىن 10 پىرسەنت ئەتراپىغا چۈشىدۇ. مەملىكىتىمىز دەل تۆۋەن ئوتتۇرا كىرىم باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ“ دېيىشىدۇ. ئويلاپ باقايلى، ئەگەر بىز راستىنلا پۇل پاخاللىقى نىسبىتىنى 60—80 پىرسەنت سەۋىيىدە قويۇپ بېرىدىغان بولساق، بۇنى ئىش ھەققىگە تايىنىپ ياشايدىغان كەڭ ئاممىدىن قانچىلىك كىشى كۆتۈرەلەيدۇ؟ كىرىم پەرقى ئىنتايىن چوڭ بولغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇنداق تەشەببۇس پەقەتلا ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ دىتىغا ياقىدۇ، چۈنكى پۇل پاخاللىقى نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھايان پايدا ئېلىشىغا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: ”كىشىلەر ئەخلاق، دىن، سىياسەت ۋە جەمئىيەتكە ئالاقىدار ھەرقانداق سۆز، باياناتلار، ۋەدىلەردىن ئۆتۈپ، بۇ ياكى ئۇ سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى تېخى ئۆگىنىۋالمىغان بولسىلا، ئۇ ھالدا ئۇلار باشتىن ئاخىر سىياسىي جەھەتتە باشقىلارنىڭ ئالدىشىغا ئۇچرايدىغان ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئالدايدىغان ئەخمەق قۇربانلىق بولۇپ تۇرىدۇ، بەلكى مەڭگۈ شۇنداق بولۇپ تۇرىدۇ.“ («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە ئىككى نەشرى، 2-توم، 314-بەت) مەنپەئەت مۇناسىۋىتى گىرەلىشىپ كەتكەن، تۈرلۈك كۆزقاراش، تەشەببۇسلار ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ ئوي-پىكىر، ئۇسۇل، تەدبىر، ھەرىكىتىمىزدە ئالدى بىلەن ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈرىمىز دېيىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى روشەن تونۇۋېلىشىمىز لازىم. بۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن ماركسىزمنىڭ سىنىپىي تەھلىلدىن ئىبارەت ئىلمىي ئۇسۇلىنى ئاڭلىق ھالدا قوللىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ ئۇسۇل ”بىر يېتەكچى خاراكتېرلىك يىپ ئۇچى بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ بۇ خىل قارىماققا مۇرەككەپ، قالايمىقان ھالەتتىن قانۇنىيەتنى بايقىشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.“ («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە ئىككى نەشرى، 2-توم، 426-بەت) بۇنىڭ بىلەن بىز قايسى نەرسىنىڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، قايسىسىنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىۋالالايمىز، ھەمدە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولىنى تېپىپ چىقالايمىز. ناھايىتى روشەنكى، بۇ،

سىنىپىي كۆرەشنى ئاساس قىلىش بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش.

ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۆز ھەرىكىتى بىلەن ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش ھەم ئاممىغا مەھكەم تايىنىش لازىم. رەھبىرىي كادىرلار دائىم سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە پەن تەتقىقاتى، مەدەنىيەت-مائارىپنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىدا ساقلىنىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ئۆزى بىۋاستە ئىگەللەشى، ئۇلارنىڭ ساداسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشى، ھەتتا مەلۇم ۋاقىت چىقىرىپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈشى، خىزمەت قىلىشى، دوست تۇتۇشى، ”تۇغقان بولۇشى“، خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇرۇن تەشەببۇس قىلغىنىدەك، ئاممىنىڭ ئوتۇن، گۈرۈچ، ياغ، تۇز مەسىلىسى، بالىلىرىنى ئوقۇتۇش مەسىلىسى، كېسەل كۆرستىش، كۆۋرۈك ياساش مەسىلىلىرىنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، قولىمىزدا تۇتۇپ، ئەستايىدىل ھەل قىلىشىمىز لازىم. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىشچى-دېھقانلارغا ھەقىقىي تۈردە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغىلى، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ ئوي-خىياللىرىنى بىلگىلى، ئاندىن ئاڭلىق ھالدا ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە مەيدانىدا تۇرۇپ مەسىلىلەرنى ئويلىغىلى، ئىش بېجىرگىلى بولىدۇ. بەزى رەھبىرىي كادىرلار كۈن بويى ھۆججەت دۆۋىسى ۋە يىغىنلارغا پېتىپ قېلىپ، زىياپەت زالى، تانسىخانىلارغا قاتراپ، كوتۇۋېلىش، ئۇزىتىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ قانداقمۇ ئىشچى-دېھقانلارغا چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببىتى بولسۇن؟ بەزى رەھبىرىي كادىرلار يېزىلارغا، زاۋۇتلارغا چۈشكەندە ”ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئايلىنىپ، ئەينەكتىن قارايدۇ“، ئاما بىلەن پەقەتلا ئۇچراشمايدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار قانداقمۇ ئاممىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىيالىسۇن؟ بەزى رەھبىرىي كادىرلار نامراتلارنى كۆزگە ئىلماي، بايلارغا كۆڭلى چۈشىدۇ، ئىشچى-دېھقانلار بىلەن يېقىنلاشماي، پۇلدارلار بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ كېتىدۇ، بۇنداقتا، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى، مەيدانى، كۆزقارىشى ئۆزگەرمەي قالامتى، پاسسىپ تەسىرگە ئۇچرىماي قالامتى؟ بۇنىڭدىن قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىم پەرقى چوڭىيىپ كېتىشتەك ئېغىر پاكىت ئالدىدا تۇرسىمۇ، نېمە ئۈچۈن بەزى يولداشلارنىڭ يەنە گەپ سېتىپ، ”ھازىر تەقسىمات ساھەسىدىكى ئاساسلىق مەسىلە تەڭ تەقسىماتچىلىقتۇر، كىرىم پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق“ دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىز ھازىرقى ئەھۋالدا تەڭ تەقسىماتچىلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايمىز، بۇنى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى بويىچە داۋاملىق ئۆزلۈكسىز يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ساقلىنىۋاتقان

قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىم پەرقى زىيادە چوڭ بولۇپ كېتىش مەسىلىسىنى ئەجەبا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، مۇۋاپىق ھەل قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ يولداشلار پەقەت كەڭ ئىشچى-دېھ-قانلار ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، ئۇلارنىڭ پىكرى ۋە ساداسىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىدىغانلا بولسا، توغرا ھۆكۈم چىقىرىش تەس ئەمەس. ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشتە، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئاممىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا، ئاممىغا تولۇق ئىشىنىش ۋە تايىنىش بىزنىڭ ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلىشىمىز شەرت بولغان پرىنسىپتۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى ئىدارىلەر-نىڭ رەھبەرلىرى بۇ پرىنسىپنى ئۇنتۇپ قالدى، ئۇلار پەقەتلا ئۆزىنىڭ قولىدىكى ھوقۇقنىڭ رولىغا ئىشىنىپ، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىغىلا تايىنىپ، ئاتالمىش ”قابىلىيەتلىك“لەرنىڭ بىگىسىسىگىلا چوقۇنىدۇ، مەنپەئەت تەقسىماتىدىمۇ ھە دىسىلا مۇشۇ تەرەپكە ئېغىپ كېتىپ، ئاممىنى بولسا پاسسىپ ئامىل، ئىسلاھاتنىڭ ئوبيېكتى دەپ قارايدۇ، نەتىجىدە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىغا قاتتىق زىيان سېلىنىپ، ئۇ يەرلەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشمۇ تەسلىشىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئاما ئارىسىغا چەكسىز ئەقىل-پاراسەت ۋە كۈچ-قۇدرەت يوشۇرۇنغان. ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشتىكى غايەت زور ئاكتىپلىقمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە، رەھبەر بولغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى بۇ خىل ئەقىل-پاراسەت ۋە كۈچ-قۇدرەتكە تولۇق تايىنىپ، بۇ خىل غايەت زور ئاكتىپلىقنى ياخشى يېتەكلەش، ياخشى قوغداش، ياخشى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. راستىنلا مۇشۇنداق قىلغاندا، يەڭگىللى بولمايدىغان قىيىنچىلىق بولمايدۇ، خىزمەتنىمۇ ياخشى ئىشلەپ كەتكىلى، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنىمۇ ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

**(ئاپتۇر: ج ك پ مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىدىن)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 09>

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 刊号：ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号:2—373 定价:1.80元 邮政编码 100013